# ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن دەسلەپكى ئىسلام دەرسلىرى

ھەسسان ئىبن سابىت

ھىجرىيە 1424 ـ يىلى(2003)

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

www.munber.org



## مۇندەرىجە

ئاتا ـ ئانا ۋە ئۇستازلارغا .................................. 4
بىرىنچى دەرس .................................. 7
بۇ دۇنيانى كىم ياراتقان؟ .................................. 7
ئىككىنچى دەرس .................................. 11
ئاللاھ تائالا كىم؟ .................................. 11
ئۈچىنچى دەرس .................................. 15
دىن دېگەن نېمە؟ .................................. 15
تۆتىنچى دەرس .................................. 19
پەيغەمبەر كىم؟ .................................. 19
بەشىنچى دەرس .................................. 23
شەيتان نېمە ئۈچۈن يارىتىلغان؟ .................................. 23
ئالتىنچى دەرس .................................. 27
ئاللاھ كاپىرلارنى جازالايدۇ .................................. 27
يەتتىنچى دەرس .................................. 31
ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر .................................. 31
سەككىزىنچى دەرس .................................. 35
كىمگە ئوخشىغۇڭىز كېلىدۇ؟ .................................. 35
توققۇزىنچى دەرس .................................. 39
ئەڭ ئۇلۇغ كىتاب .................................. 39

ئونىنچى دەرس ........ 43
ئىسلام قانداق دىن؟ ........ 43
ئون بىرىنچى دەرس ........ 47
ئاللاھ مۇسۇلمانلارنىڭ دوستى ........ 47
ئون ئىككىنچى دەرس ........ 51
ئىككى پەرىشتە ........ 51
ئون ئۈچىنچى دەرس ........ 55
قەبرىدىكى ھايات ........ 55
ئون تۆتىنچى دەرس ........ 59
قىيامەت قانداق كۈن؟ ........ 59
ئون بەشىنچى دەرس ........ 63
دوزاخ ـ ئەڭ يامان جاي ........ 63
ئون ئالتىنچى دەرس ........ 74
جەننەت قانداق جاي؟ ........ 74
ئون يەتتىنچى دەرس ........ 83
مۇسۇلمان بالا قانداق بولىدۇ؟ ........ 83
بىرىنچى قىسىم ........ 83
ئىككىنچى قىسىم ........ 86
ئۈچىنچى قىسىم ........ 90

www.munber.org



ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن دەسلەپكى ئىسلام دەرسلىرى

## ئاتا ـ ئانا ۋە ئۇستازلارغا

پەرزەنتىمىزلىرىمىزنىڭ كىچىكىدىن باشلاپ، ئېتىقادلىق، بىلىملىك، ئەدەبلىك ۋە غەيرەت ـ شىجائەتلىك بولۇپ ئۆسۈشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا قانداق تەربىيە بېرىشىمىز كېرەك؟ بالىغا گۆدەكلىك چېغىدا نېمىلەرنى ئۆگىتىش لازىم؟ بۇنىڭ ئۈچۈن قايسى ئەدەبىياتلارغا مۇراجىئەت قىلساق بولىدۇ؟ تەبىئىيكى، بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابى ئۇنچىۋالا ئوڭاي ئەمەس. قولىڭىزدىكى كىتابچە مۇشۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش يولىدىكى كىچىك بىر قەدەم بولۇپ، كىتابچىدا چوڭلار ئۈچۈنمۇ مۇھىم ھېسابلىنىدىغان مەلۇماتلار كىچىك بالىلارنىڭ ئېڭىغا ماس رەۋىشتە ساددا ئۇسلۇب بىلەن بالىلار تىلىدا ھېكايە قىلىنىدۇ.

بالىمىزنى مۇكەممەل تەربىيىلەش ئۈچۈن ئۇنىڭغا كىچىكىدىن باشلاپ ھەرساھەدىن بىر قىسىم مەلۇماتلارنى بېرىپ تۇرۇشىمىز ئىنتايىن پايدىلىق بولۇپ، بالىنى ھەربىر نەرسە ۋە ۋەقەدىن ئىبرەت ئېلىشقا، توغرا خۇلاسە چىقىرىشقا ئۆگىتىشىمىز زۆرۈر. بۇ ھەقتە تارىخى مىساللارغا مۇراجىئەت قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى زور. بۇ كىتابچىنىڭ ئۇسلۇبى مانا شۇ يۆلىنىشتە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئالەمنىڭ يارىتىلىشى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

www.munber.org

بېرىلىدۇ. ئاللاھ، دىن، پەيغەمبەر ۋە باشقا ماۋزۇلار نۆۋەت بىلەن بىرمۇ - بىر زىكىر قىلىنىدۇ. دەرس ئاخىرىدا كېرەكلىك خۇلاسىلەر چىقىرىپ بېرىلىدۇ. بۇلار بالىنىڭ كىچىك چېغىدا بىلىۋېلىشى زۆرۈر بولغان بىرلەمچى مەلۇماتلاردۇر. چۈنكى بۇ بىلىملەر بالىنىڭ روھىيىتىگە تەسىر قىلىپ، بالىنى پاكىزە ھايات كەچۈرۈشكە ئۆگىتىدۇ.

كۆپىنچە بالىنىڭ ئەدەبسىز ياكى بىزارلىق چوڭ بولۇپ قېلىشى، ئاتا - ئانىسىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي ئۆسۈشى، ئۆسمۈر بالا تۇرۇپ ئىبادەتكە ئەستايىدىل كىرىشىپ كېتەلمەسلىكى ئۇنىڭغا ئاللاھ، پەرىشتە، دىن، پەيغەمبەر، قىيامەت، جەننەت، دوزاخ ۋە ھېساب - كىتاب ھەققىدە ئۇنىڭ يېشىغا ماس رەۋىشتە چۈشەندۈرۈلمەسلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئەگەر بالا بىلەن بۇ مەزمۇندا چىرايلىق، مۇنتىزىم سۆھبەتلەر ئۆتكۈزۈپ تۇرۇلسا، ئۇنىڭ ئەدەب - ئەخلاقىدا، ئىلىم ۋە ئىبادەتكە بولغان قىزىقىشىدا ئەلۋەتتە ئىجابىي ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولىدۇ، ئىنشائاللاھ.

ئاتا - ئانىلار ياكى ئۇستازلار ھەركۈنى ياكى كۈن ئارىلاپ بۇ كىتابتىن بىردىن دەرسنى بالىغا ئاۋازىنى چىقىرىپ ئوقۇتىدۇ. زۆرۈر بولسا ئۆزلىرى ئوقۇپ بېرىدۇ.

www.munber.org





كېيىن مەزمۇنلارنى ئېھتىياجغا قاراپ كېڭەيتىپ چۈشەندۈرىدۇ. ئاندىن كېيىن بالىدىن چۈشەنگەن نەرسىسىنى ئېيتىپ بېرىشىنى سورايدۇ. ھەربىر دەرس ئاخىرىدا بېرىلگەن قائىدىنى ئوقۇغۇچىنىڭ قابىلىيىتىگە قاراپ، يادقا ئېلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئۆتۈلگەن دەرسنى مۇستەقىل ئوقۇپ، تەييارلاشنى تاپشۇرىدۇ. ئەتىسى بالىدىن ئالدىنقى دەرس ۋە ئۇنىڭ ئاخىرىدىكى قائىدىنى سورايدۇ.

رىسالىدە ئىمان ۋە ئىسلام رۈكۈنلىرى بايان قىلىنمىغان. ئۇلار مەخسۇس كىتابلارنىڭ ۋەزىپىسى بولۇپ، بۇ كىتابچىنىڭ ۋەزىپىسى بالىغا ئىسلام دىنى ھەققىدە بىرلەمچى چۈشەنچە بېرىشتىن ئىبارەت.

رىسالىنى تەييارلاشتا ئىشەنچلىك مەنبەلەردىن، جۈملىدىن، ئىمام ئىسبەھانىينىڭ «سىفەتۇلجەننە (جەننەتنىڭ سۈپەتلىرى)» ۋە ئىمام بەيھەقىينىڭ «ئىسباتۇ ئەزابىلقەبر» كىتابلىرىدىن پايدىلىنىلدى.

www.munber.org

## بىرىنچى دەرس

## بۇ دۇنيانى كىم ياراتقان؟

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك باللار، بىز سىلەر بىلەن بۇ كىتابچىدا ھەربىر مۇسۇلمان ئوغۇل ۋە مۇسۇلمان قىز بىلىشكە تېگىشلىك بولغان ئىسلام دەرسلىرىنى ئۆگىنىمىز، قەدىمدە بولغان ۋەقەلەر ھەققىدە سۆھبەتلىشىمىز ۋە ئۇلاردىن ئىبرەت ئالىمىز. دەرسلىرىمىز داۋامىدا ئېتىقاد ۋە ئەخلاقىمىز ئاللاھ خالىسا تېخىمۇ ياخشىلىنىپ بارىدۇ.

- باللار، كېلىڭلار، بىز ئاۋۋال «بۇ دۇنيانى كىم ياراتقان؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب تاپايلى. بۇنىڭ بىلەن ئادەملەرنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقىنىمۇ بىلىۋالىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر ئەتراپ - تەبىئەتكە بىر قاراپ بېقىڭلارچۇ، نېمىلەرنى كۆردۇڭلار؟ دەرەخلەر، ئۆسۈملۈكلەر، يەر، ئاسمان، قۇياش... ۋەھاكازا، توغرىمۇ؟ قېنى ئەمدى ئېيتىڭلارچۇ، مۇشۇ نەرسىلەرنى كىم ياراتقان؟

ئاللاھ تائالا.



www.munber.org



ئىنتايىن توغرا، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ تائالا ياراتقان. بىز بىلەن سىلەرنىمۇ ئۇ پەيدا قىلغان. ئەمما ئاللاھ بۇ دۇنيانى، ئادەملەرنى قانداق قىلىپ ياراتقان؟ مانا ئاڭلاڭلار ئەمسە:

ئىلگىرى ئاسمانمۇ، يەرمۇ، ئادەملەرمۇ يوق ئىدى. دەرەخلەر ئۆسۈملۈكلەر، ھايۋانلارمۇ يوق ئىدى. يالغۇز ئاللاھنىڭ ئۆزى بار ئىدى، خالاس. ئاللاھ بۇ دۇنيانى يارىتىشنى خالىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەڭ ئاۋۋال ئەرشنى، ئاندىن كېيىن قەلەمنى ياراتتى. نۇردىن پەرىشتىلەرنى پەيدا قىلدى. كېيىن سۇنى، ئاندىن يەر بىلەن ئاسماننى ياراتتى. ئاندىن كېيىن يەردە دېڭىز - ئوكيانلارنى، تاغلارنى، دەريالارنى، ھەمدە ئۆسۈملۈكلەر ۋە ھايۋانلارنى پەيدا قىلدى. ئوتتىن ئىبلىسنى ياراتتى (ئىبلىس - شەيتان). ئاللاھ ھەممە نەرسىنى يارىتىپ بولغاندىن كېيىن ئادەم ئاتىمىزنى ياراتتى. ئۇ ئادەم ئاتىمىزنى لايدىن يارىتىپ جان كىرگۈزدى. كېيىن ھەۋۋا ئانىمىزنى پەيدا قىلدى.

ئاللاھ ئادەم ئاتا ۋە ھەۋۋا ئانىنى جەننەتكە ئەكىرىپ قويدى. جەننەت ناھايىتى چوڭ ۋە ئىنتايىن چىرايلىق جاي ئىدى. ئادەم ئاتا ۋە ھەۋۋا ئانا جەننەتتە سەير - تاماشا قىلىپ، راھەت - پاراغەتتە ياشاشقا باشلىدى.



www.munber.org

ئاللاھ ئۇلارغا: ﴿*بۇ يەردە خالىغان يېرىڭلاردىكى نېمەتلەردىن بىمالال يەۋېرىڭلار*﴾ دېدى. كېيىن جەننەتتىكى بىر دەرەخنى كۆرسىتىپ، ﴿*مانا بۇ دەرەخكە يېقىنلاشماڭلار!*﴾ دەپ، ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشتىن توستى. ئەمما بىر كۈنى ئىبلىس ئادەم ۋە ھەۋۋا ئانىنى ئالداپ، ئاشۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن يېگۈزۈپ قويدى. چۈنكى شەيتان ئۇلارغا دۈشمەن ئىدى. ئادەم ئاتىمىز ۋە ھەۋۋا ئانىمىز شەيتاننىڭ سۆزىگە كىرىپ، ئاللاھقا گۇناھكار بولۇپ قالدى. شۇندىن كېيىن ئاللاھ ئۇلارنى جەننەتتىن چىقىرىۋەتتى. پەرىشتىلەر ئادەم ئاتا ۋە ھەۋۋا ئانىنى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يەرگە ئېلىپ كەلدى. ئادەم ۋە ھەۋۋا ئۆزلىرىنىڭ قىلغان گۇناھلىرىغا يىغلاپ تەۋبە قىلىشتى. ئاللاھ ئۇلارغا مېھرىبان ئىدى، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈردى، تەۋبىلىرىنى قوبۇل قىلدى.

ئاللاھ يەرگە ئادەم ئاتىمىز ۋە ھەۋۋا ئانىمىز بىلەن بىرگە شەيتاننىمۇ ئەۋەتتى. ئەمما ئادەم ئاتا ۋە ھەۋۋا ئانا ئەمدى شەيتاننىڭ سۆزىگە كىرمەستىن ئاللاھنىڭ ئېيتقىنىنى قىلىپ ھايات كەچۈرۈشكە باشلىدى. ئاللاھقا چىرايلىق ئىبادەت قىلىپ يۈرۈشتى. ئاللاھ ئۇ ئىككەيلەنگە نۇرغۇن ئوغۇل ـ قىزلارنى بەردى. ئادەم ئاتىنىڭ ئىسىملىرى «ئادەم» بولغىنى ئۈچۈن، ئۇ كىشىنىڭ





باللىرى «ئادەم باللىرى» دەپ ئاتالدى. كېيىن بولسا باللىرى ئاتىلىرىنىڭ ناملىرى بىلەن «ئادەملەر» دەپ ئېيتىلىشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ بىزنىڭ نامىمىزمۇ «ئادەم» بولدى.

**1 ـ قائىدە: بۇ دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەممە نەرسىنى ئاللاھ تائالا ياراتقان. بىزنىمۇ ئۇ ياراتقان، بۇ دۇنيادىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭكى.**

سوئاللار:

1. بۇ دۇنيانى كىم ياراتقان؟ قانداق ياراتقان؟
2. ئادەملەر قانداق قىلىپ يەرگە كېلىپ قالدى؟

www.munber.org

## ئىككىنچى دەرس

## ئاللاھ تائالا كىم؟

ئاللاھ تائالا بىزنىڭ رەببىمىزدۇر. رەب ـ ياراتقۇچى، تەربىيە قىلغۇچى، ئىگە دېگەنلىك. ئاللاھ پۈتۈن ئالەمنى ياراتقان. ئۇ ھەممە نەرسىنى پەرۋىش قىلىدۇ، باقىدۇ، ئۆستۈرىدۇ. ئۇ ئالەمنىڭ ئىگىسىدۇر. ئاللاھنى ھېچكىم ياراتمىغان. ئۇنىڭ ئۆزى ئەزەلدىن بار ئىدى.

بىز ئاللاھنى ئۇنىڭ ئىسىملىرى، سۈپەتلىرى ئارقىلىق تونۇيمىز ۋە ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرىمىز. ئاللاھنىڭ **99** ئىسىم ۋە سۈپىتى بار.

ئاللاھ يەككىدۇر. ئۇنىڭ ھېچبىر شېرىكى، ياردەمچىسى يوق، ئۇ ياردەمچىگىمۇ، باشقا نەرسىگىمۇ موھتاج ئەمەس. ئۇ ھېچكىمدىن تۇغۇلمىغان، ئۆزى ھەم ھېچكىمنى تۇغمىغان، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، ئايالى، ئوغلى، قىزى يوق. ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان ھېچكىم يوق، ئۇ ھېچنەرسىگە ئوخشىمايدۇ.

ئاللاھ ھەرۋاقىت تىرىكتۇر. ئۇ ھېچقاچان ئۆلمەيدۇ ۋە ئۇخلىمايدۇ. ئۇندىن باشقا ھەممە نەرسە ئۆلىدۇ. ئاللاھ



ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن دەسلەپكى ئىسلام دەرسلىرى

www.munber.org

نېمىنى خالىسا تىرىلدۈرىدۇ، نېمىنى خالىسا ئۆلتۈرىدۇ. ئادەملەر، جىنلار، قۇشلار، بېلىقلار، ھاشارەتلەر ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتىدۇر. مەخلۇقات ـ يارىتىلغان نەرسىلەر دېگەنلىك. ئۇلارغا ئاللاھ جىسىم، جان، ھاۋا، سۇ ۋە يېمەك ـ ئىچمەك بېرىدۇ.

ئاللاھ ئادەملەرگە مېھرىباندۇر. ئاللاھ يەردىكى بارچە نەرسىنى ئادەمزاتقا خىزمەت قىلسۇن دەپ ياراتقان. ئۇ شامال ۋە بۇلۇتلارنى ئەۋەتىدۇ، يامغۇر، قارلارنى ياغدۇرىدۇ، ئوكيان ـ دېڭىزلارنى سۇ بىلەن تولدۇرىدۇ، دەريالارنى ئاققۇزىدۇ، دەرەخلەرنى ئۆستۈرىدۇ، ئادەملەرگە نان بولسۇن دەپ بۇغدايلارنى يېتىشتۈرىدۇ. يەنە ئۇ مېۋىلەرنى پىشۇرىدۇ، گۈللەرنى ئېچىلدۇرىدۇ، بىزگە يېمەكلىك بولۇشى ئۈچۈن ھايۋانلارنى يارىتىدۇ. يەردىن پايدىلىق كانلارنى چىقىرىپ بېرىدۇ. كېسەللەرگە شىپا بېرىدۇ، بىز ئۇنى ياخشى كۆرىمىز.

ئاللاھ ھەممىدىن كۈچلۈك. يەر، ئاسمان ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھەممە نەرسىلەر ئاللاھقا بويسۇنىدۇ. قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلار ئاللاھ كۆرسەتكەن يولدىن چەتكە چىقمايدۇ. بىر ـ بىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ كەتمەيدۇ. بەزەن ئۈستىمىزدە گۈلدۈرمامىلار گۈلدۈرلەيدۇ، چاقماق چاقىدۇ، ئاسماندىن ئوت كېلىپ يەرگە ئۇرۇلىدۇ،

دەرەخلەر، ئۆيلەر كۆيۈپ كېتىدۇ. بەزەن قاتتىق يەر تەۋرەيدۇ، ئىمارەتلەر يىقىلىدۇ، ئادەملەر ئۆيلەرنىڭ تېگىدە قېلىپ قالىدۇ. بەزى يەرلەرگە سەل كېلىپ، ھەممە نەرسىنى سۇ ئاققۇزۇپ كېتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كىم قىلىدۇ؟ ئاللاھ! بىز ئاللاھتىن قورقىمىز.

ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ئاڭلىغۇچى، كۆرگۈچى، بىلگۈچىدۇر. ئاللاھ يەرنىڭ ئۈستىدە، ئاستىدا ۋە ئاسماندا بولىۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرىدۇ. شىۋىرلاپ قىلىشقان گەپلەرنىمۇ ئاڭلايدۇ. قاپ ـ قاراڭغۇدا تۇرىدىغان نەرسىلەرنىمۇ، ھېچكىمنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيدىغان زەررىلەرنىمۇ كۆرىدۇ. ئۇ ئادەملەرنىڭ دىللىرىدىن ئۆتكەن پىكىرلىرىنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ.

ئاللاھتىن باشقا بىرەر خۇدا يوق. خۇدا دەپ ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىنىدىغان زاتنى دەيمىز. ئىبادەت دەپ ناماز ئوقۇش، روزا تۇرۇشقا ئوخشاش ئىشلارنى دەيمىز. ئادەملەر ئاللاھنى تونۇشى، ئۇنىڭدىن قورقۇشى، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشى كېرەك. گۇناھ ئىشلاردىن توختاشلىرى شەرت. شۇندىلا ئاللاھ ئۇلارنى بالالاردىن ئاسرايدۇ. ئەگەر ئادەملەر ئاللاھنىڭ ئېيتقىنىنى قىلمىسا، ئۇ ئاپەت ئەۋەتىپ، يامانلارنى ھالاك قىلىدۇ. بەزى يامانلارغا قوشۇلۇپ، ياخشىلارغىمۇ بالا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن

www.munber.org





ياخشى ئادەملەر ئۆزلىرىدىن باشقىلارنىمۇ ئاللاھنىڭ يولىغا چاقىرىدۇ، يامان يولدىن قايتۇرىدۇ.

**2 ـ قائىدە: ئاللاھ ـ ھەممىمىزنىڭ رەببىمىز، دۇنيادىكى ھەممە ئىشلارنى ئۇ باشقۇرىدۇ. ئاللاھ يەككە يېگانىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر خۇدا يوق. بىز ئاللاھقا ئىشىنىمىز ۋە ئىبادەت قىلىمىز.**

سوئاللار:

1. ئاللاھ قانداق زات؟
2. ئاللاھنى نېمە ئۈچۈن تونۇشىمىز كېرەك؟

www.munber.org

## ئۈچىنچى دەرس

## دىن دېگەن نېمە؟

بالىلار، ئەمدى بۇ دەرسىمىزدە «دىن دېگەن نېمە؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىمىز.

ئادەم ئاتا ۋە ھەۋۋا ئانا جەننەتتىن چىقىرىلىپ، زېمىندا ھايات كەچۈرۈشكە باشلىدى. ئەمما ئۇلار كۆپ نەرسىلەرنى بىلمەيتتى. يەر يۈزىدە نېمە ئىشلارنى قىلىش پايدىلىق؟ نىملەرنى قىلىش زىيانلىق؟ قايسى ئىشنى قىلسا ساۋاب، قايسى ئىشنى قىلسا گۇناھ بولىدۇ؟ بۇنى ئۇلارغا كىمدۇر ئۆگىتىشى كېرەك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا يەرگە جىبرىئىل دىگەن پەرىشتىنى ئەۋەتتى. ئاللاھ بۇ پەرىشتىگە پايدىلىق نەسىھەتلەرنى بېرىپ، بۇلارنى ئادەم ئاتىغا ئۆگىتىشكە بۇيرىدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام يەتتە قەۋەت ئاسمانىنىڭ ئۈستىدىن ئۈچۈپ، زېمىنغا يېتىپ كەلدى (چۈشتى). ئاللاھ بەرگەن ئىلىم ۋە نەسىھەتلەرنى ئادەم ئاتىغا ئۆگەتتى ۋە ئۇلارغا ئەمەل قىلىشنى بۇيرىدى. ئادەم ئاتىمىز ئاللاھتىن ئالغان ئىلىملەرگە ھەۋۋا ئانا بىلەن بىرگە ئەمەل قىلدى.

www.munber.org



ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن دەسلەپكى ئىسلام دەرسلىرى

بۇ ئىلىملەرنى ئۆز بالىلىرىغىمۇ ئۆگەتتى. ئاللاھ ئاسماندىن ئەۋەتكەن خەۋەر، بۇيرۇق ۋە نەسىھەتلەر - دىن دەپ ئاتىلىدۇ. دىنغا قانداق ئەمەل قىلىشنى پەيغەمبەر كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەقىللىق كىشىلەر ئەلۋەتتە دىنغا كىرىدۇ، ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرىدۇ، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدۇ. ئىبادەت - ئاللاھقا بەندىلىك، قۇللۇق قىلىش دېگەنلىك. ناماز، ئوقۇش، روزا تۇتۇش، دۇئا قىلىش، ئاللاھ ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، ئىلىم ئوقۇش، ئادەملەرنى ئاللاھنىڭ يولىغا چاقىرىش - ئىبادەتتۇر. ئىنسان ئىبادەت قىلغاندا ئۆزىنى يوقتىن بار قىلغان ئاللاھقا تەشەككۇر بىلدۈرگەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتلىرىدىن ئۈمىد قىلغان بولىدۇ. بەندە ئىبادەت قىلىۋاتقان ۋاقتىدا ئاللاھنى ياخشى كۆرگەن ھالدا ئۇنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئازابىدىن قورقۇپ تۇرۇشى كېرەك.

دىنغا كىرگەن ئادەم - مۇئمىن، مۇسۇلمان دەپ ئاتىلىدۇ. مۇئمىن، مۇسۇلمانلار ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش بىلەن بىرگە ھەممە ئادەمگە ياخشىلىق قىلىدۇ، قىينالغانلارغا ياردەم بېرىدۇ. مۇئمىنلەرنىڭ ئۆيلىرىدە نۇر، بەرىكەت بولىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنى بالايى - ئاپەتلەردىن ساقلايدۇ. قىيامەتتە بولسا جەننەتكە كىرگۈزىدۇ.

www.munber.org

يامان ئادەملەر دىنغا كىرىشكە ئۇنىمايدۇ. ئاللاھنىڭ دىنىغا كىرمىگەن ئادەم ـ كاپىر دەپ ئاتىلىدۇ. بەزى ئادەملەر ئاللاھتىن باشقا نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلىدۇ، ئاللاھتىن باشقىغا ئىبادەت قىلىش شېرىك دېيىلىدۇ. شېرىك ئىشنى قىلغان ئادەم مۇشرىك دەپ ئاتىلىدۇ. مۇشرىكلار ئۆز قوللىرى بىلەن ياسىۋالغان خۇدالارغا ئىبادەت قىلىدۇ. ئۇلار شەيتاننىڭ يولىغا كىرىپ كېتىدۇ. كاپىر ۋە مۇشرىكلار دۇنيادا گۇناھ ئىشلارنى قىلىدۇ، ھارام نەرسىلەرنى يەيدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ قىلغان يامانلىقلىرى سەۋەبلىك ھەرخىل كېسەللەرگە دۇچار بولىدۇ. ئۇرۇش، يەرتەۋرەش، سۇ تاشقىنىغا ئوخشاش بالالارغا ئۇچرايدۇ. ئاخىرەتتە بولسا دوزاخ ئوتىغا يولۇقتۇرۇلىدۇ.

بەزى ئادەملەر ئاللاھ ئەۋەتكەن پەيغەمبەر ئېيتمىغان ئىشلارنى دىنغا ئەكىرىپ، مانا مۇشۇ دىندىن دەپ ئېيتىشىدۇ. دىندىن بولمىغان ئىشلار بىدئەت دېيىلىدۇ. بىدئەتنى ئاللاھمۇ، پەيغەمبەرمۇ، مۇسۇلمانلارمۇ يامان كۆرىدۇ. بىدئەت ئىشنى ئاللاھ قوبۇل قىلمايدۇ.

**3 ـ قائىدە: ئاللاھ تائالا ئاسماندىن ئەۋەتكەن نەسىھەت ۋە بۇيرۇقلار ـ دىن دەپ ئاتىلىدۇ. ئادەملەر ئويلاپ تاپقان يالغان دىن بولسا شېرىك**

www.munber.org





**دېيىلىدۇ. دىن ئىنسانلار ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق، شېرىك پەقەت زىيانلا كەلتۈرىدۇ.**

سوئاللار:

1. دىن دېگەن نېمە؟ ئىبادەت دەپ نېمىگە ئېيتىلىدۇ؟ ئاللاھ نېمە ئۈچۈن دىننى يولغا قويدى؟

2. مۇئمىن ۋە مۇسۇلمان دەپ كىمگە ئېيتىلىدۇ؟ كاپىر، مۇشرىك، شېرىك، بىدئەت دېگەن نېمە؟

www.munber.org

## تۆتىنچى دەرس

## پەيغەمبەر كىم؟

بىز ياخشى بىلىمىزكى، ئاللاھ ئادەملەرگە توغرا يولنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇلارغا دىن ئەۋەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ ئادەملەرنىڭ ئىچىدىن ئەڭ ئەقىللىق ۋە ئەڭ ياخشى كىشىنى تاللىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئالدىغا جىبرىئىل پەرىشتىنى ئەۋەتكەن. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇ ئادەمگە ئاللاھ ئەۋەتكەن خەۋەرنى ئېلىپ كەلگەن. جىبرىئىل پەرىشتە ئاللاھتىن ئۇنىڭغا خەۋەر ئېلىپ كەلگەن ئىنسان پەيغەمبەر دەپ ئاتىلىدۇ. ئاللاھ پەيغەمبەرگە ئاسماندىن ئەۋەتكەن خەۋەر ـ ۋەھيي دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاللاھ بەزى پەيغەمبەرگە پەقەت ئۆزى ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن ۋەھيي، دىن ئەۋەتكەن. بۇنداق پەيغەمبەر نەبىي دېيىلىدۇ. ئاللاھ بەزى پەيغەمبەرگە ئۆزىدىن باشقا ئادەملەرنىمۇ دىنغا دەۋەت قىلىشنى بۇيرىغان. بۇنداق پەيغەمبەر رەسۇل دېيىلىدۇ. رەسۇل ـ ئەلچى دېگەنلىك.

www.munber.org





رەسۇللار ئۆز زامانلىرىدىكى ئىنسانلارغا *﴿مەن سىلەرگە ئاللاھ تەرەپتىن ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىلدىم﴾* دېگەن. ئاندىن ئۇلارنى ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشكە ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرغان. ئەمما كۆپ قىسىم ئادەملەر بۇ گەپكە ئىشەنمىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرگە تۈرلۈك مۆجىزىلەرنى بەرگەن. مۆجىزە ـ ئادەملەرنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان قىيىن ئىشلارنى قىلىش دېگەنلىك. پەيغەمبەرلەر مۆجىزىلەر كۆرسىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن ھەقىقىي ئەلچىلەر ئىكەنلىكلىرىنى ئىسپاتلاشقان. شۇندىن كېيىن نۇرغۇن ئادەملەر ئۇلارغا ئىشىنىشكەن ۋە ئىمان كەلتۈرۈشكەن. ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش، ئاسماندىن نازۇنېمەتلەر چۈشۈرۈش، دەرەخلەر ۋە ھايۋانلار بىلەن گەپلىشىشكە ئوخشاش ئىشلار مۆجىزە دەپ ئاتىلىدۇ.

ئادەم ئاتا ئەڭ ياخشى ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇ كىشىنى يەردىكى ئەڭ بىرىنچى نەبىي ـ پەيغەمبەر قىلدى. ئۇ كىشى ئاللاھ ئەۋەتكەن دىنغا ھەۋۋا ئانا بىلەن بىرگە ئەمەل قىلدى، دىنىنى باللىرىغا ئۆگەتتى.

ئادەم ئاتىمىز ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇ كىشىنىڭ پەرزەنتلىرى ناھايىتى كۆپىيىپ كېتىشتى. ئۇلار يەر يۈزىنىڭ ھەرخىل تەرەپلىرىگە تارقاپ كېتىپ ھايات

www.munber.org

كەچۈرۈشكە باشلىدى. ئادەملەر تۇرلۇك، تۈمەن خەلقلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى. ئاللاھ ھەربىر خەلق ۋە قەۋمنىڭ ئىچىدىن ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس پەيغەمبەرلەرنى چىقاردى. قەدىمدە نۇھ، ھۇد، سالىھ، ئىبراھىم، لۇت، ئىيساغا ئوخشاش پەيغەمبەرلەر ئادەملەرنى دىنغا دەۋەت قىلىشتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا قەدىمدە ئۆتكەن نەبىي ۋە رەسۇللارنىڭ سانلىرى بىر يۈز يىگىرمە تۆت مىڭ بولغان. ئاللاھ ئۇ پەيغەمبەرلەرگىمۇ جىبرىئىل پەرىشتە ئارقىلىق ۋەھيي ئەۋەتىپ، ۋەز- نەسىھەت قىلدى. دىنلىرىنى يېڭىلاپ تۇردى. بەزى پەيغەمبەرلەرگە ئاسماندىن نەسىھەتلەر يېزىلغان سەھىپىلەرنى چۈشۈردى. بەزىلىرىگە مۇقەددەس كىتابلارنى ئەۋەتتى. ئادەملەر رەسۇلۇللاغا بويسۇنۇپ ياشىغان پەيتلىرىدە ئىنتايىن ياخشى ۋە شېرىن ھايات كەچۈردى. پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلمىغانلىرىنى ئاللاھ ئاپەت ئەۋەتىپ ھالاك قىلدى.

پەيغەمبەرلەر دۇنيادىكى ئەڭ ئەدەبلىك ۋە ئەڭ رەھىمدىل كىشىلەردۇر. ئۇلار ئادەملەرگە پەقەت ياخشىلىق قىلىشىدۇ. ھېچكىمدىن پۇل- مال، دۇنيا سورىماستىن ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۆگىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەرلەر ئاللاھ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىنسانلار بولىدۇ. كىمكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئېيتقىنىنى قىلسا ئاللاھ شۇ ئادەمنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ.

www.munber.org





**4- قائىدە: پەيغەمبەر- بۇ دۇنيادىكى ئەڭ رەھىمدىل، ئەڭ ئىلىملىك ۋە ئەڭ ئەقىللىق ئىنسانلاردۇر. ئادەملەرنىڭ ئىچىدىن پەقەت پەيغەمبەرگە ئاللاھتىن ۋەھيى كېلىدۇ. ھەممە ئادەملەر- ئالىملار، پادىشاھلار ۋە بارچە خەلقلەر پەيغەمبەرگە بويسۇنۇشلىرى كېرەك.**

سوئاللار:

1. پەيغەمبەر، نەبىي، رەسۇل ھەققىدە ئېيتىپ بېرىڭ.

2. نېمە ئۈچۈن ئادەملەر پەيغەمبەرگە بويسۇنۇشى كېرەك؟

www.munber.org

## بەشىنچى دەرس

## شەيتان نېمە ئۈچۈن يارىتىلغان؟

بالىلار، بىز بىرىنچى دەرستە ئوقۇدۇقكى، ئاللاھ ئادەملەرنى يارىتىشنىڭ ئالدىدا پەرىشتىلەر بىلەن بىرگە ئىبلىسنىمۇ ياراتقان. ئىبلىس جىن ۋە شەيتانلارنىڭ ئاتىسى بولىدۇ. ئىبلىس ئىنتايىن يامان مەخلۇق، ئۇ ئاللاھنىڭ ئېيتقىنىنى قىلمايدۇ. ھېچكىمگە بويسۇنمايدۇ. پەقەت يامان ئىشلارنى قىلىدۇ. ياخشى ئادەملەرنى يامان كۆرىدۇ.

ئاللاھ ئادەم ئاتىمىزنى ياراتقاندىن كېيىن، پەرىشتىلەرگە: ﴿*ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار*﴾ دەپ بۇيرىدى. ھەممە پەرىشتىلەر دەرھال ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ھۆرمەت سەجدىسى قىلدى. بۇ چاغدا ئىبلىسمۇ پەرىشتىلەرنىڭ ئارىسىدا بار ئىدى. بىراق ئۇ ئادەم ئاتىغا سەجدە قىلمىدى. ئاللاھ ئۇنىڭدىن: «سەن نېمە ئۈچۈن ئادەم ئاتىغا سەجدە قىلمىدىڭ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: ﴿*مەن ئادەمگە قارىغاندا ياخشىراقمەنغۇ؟!*﴾ دېدى. يەنە ئۇ: ﴿*مېنى ئوتتىن ياراتتىڭ، ئۇنى بولسا*



www.munber.org

ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن دەسلەپكى ئىسلام دەرسلىرى

*لايدىن!*﴾ دەپ ئاللاھقا گەپ قايتۇردى (ياندۇردى). ئىبلىس ئاللاھنىڭ ئېيتقىنىنى قىلمىغىنى ئۈچۈن كاپىر بولدى. شۇندىن كېيىن ئاللاھ ئۇنى ئۆز ھۇزۇرىدىن ھەيدەپ چىقاردى. ئۇنىڭغا لەنەتلەر ئېيتتى. ئەنە شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، ئىبلىس ئادەم ئاتىمىزغا دۈشمەن بولۇپ قالدى. ئىبلىسنىڭمۇ بالىلىرى بولدى. ئۇنىڭ بالىلىرى شەيتانلار دېيىلىدۇ. شەيتان ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى بۇ دۇنيادا ئادەملەر بىلەن بىرگە ياشايدۇ. چۈنكى شەيتان ئاللاھتىن بۇ دۇنيانىڭ ئاخىرى بولغۇچە ياشاپ يۈرۈشكە رۇخسەت سورىدى. ئاللاھ: ﴿*مەيلى، سەن مەلۇم ۋاقىتقىچە ئادەملەر ئارىسىدا ياشاپ تۇر*﴾ دەپ ئېيتتى. بۇچاغدا شەيتان: ﴿*مەن ئەمدى دائىم ئادەملەرنى توغرا يولدىن ئاداشتۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىمەن*﴾ دېدى. ئاللاھ: ﴿*مېنىڭ ياخشى بەندىلىرىمنى ئاداشتۇرۇشقا سېنى كۈچۈڭ يەتمەيدۇ*﴾ دېدى. ئۇ يەنە ئىبلىسقا: ﴿*مەن جەھەننەمنى سەن ۋە ساڭا ئەگەشكەنلەر بىلەن توشقۇزىمەن*﴾ دېدى.

ئەمدى شەيتان ئۆز بالىلىرى بىلەن تاكى قىيامەت كۈنى كەلگۈچە ھەرخىل يامان ئىشلارنى، زىيانلىق ئويلارنى ئادەمگە چىرايلىق كۆرسىتىپ، ئادەملەرنى ئالداپ يۈرىدۇ. ئىنسانلارنى ھارام ئىشلارغا قىزىقتۇرىدۇ. ئاللاھنىڭ دىنىدىن قايتۇرىدۇ. ئۇلارنى بىر- بىرى بىلەن ئۇرۇشتۇرىدۇ. يامان ئادەملەر شەيتاننىڭ ئېيتقىنىنى



www.munber.org

قىلىدۇ. شەيتان مۇسۇلمانلارنىمۇ بىر- بىرىگە يامان كۆرسىتىشكە، ئۇرۇشتۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. سىلەر بىر- بىرى بىلەن ئۇرۇشۋاتقان باللارنى كۆرگەنمۇ؟ ئەنە ئاشۇ باللارنى شەيتان بىر- بىرى بىلەن ئۇرۇشتۇرىۋاتقان بولىدۇ. ئاشۇ باللار دەررۇ بىر- بىرلىرى بىلەن يارىشىۋېلىشى كېرەك.

ئاللاھ نېمىشقا شەيتانلارنى ياراتقان؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى: ئاللاھ ئادەملەرنى سىناپ كۆرىدۇ. قېنى ئۇلار ئاللاھنىڭ ئىيتقىنىنى قىلامدۇ ياكى شەيتاننىڭ ئىيتقىنىنى قىلامدۇ؟ ئەگەر ئۇلار ئاللاھنىڭ ئىيتقىنىنى قىلسا، ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بېرىدۇ. شەيتاننىڭ يولىغا ماڭسا، ئاللاھ ئۇلارنى شەيتانلارغا باشلاپ قويىدۇ. «ئەئۇزۇبىللا» ۋە «بىسمىللا» نى كۆپ ئېيتىدىغان، ناماز، قۇرئان ۋە دۇئالارنى ئوقۇپ تۇرىدىغان ياخشى باللارنى ئالداشقا شەيتاننىڭ كۈچى يەتمەيدۇ.

ئاللاھ ئادەملەرگە نەسىھەت قىلىپ: ﴿*شەيتاننىڭ ئالداملىرىغا ئەگىشىپ كەتمەڭلار! ئۇ سىلەرگە ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر*﴾ دەپ ئېيتقان.

**5 ـ قائىدە: ئاللاھ ئادەملەرنى سىناش ئۈچۈن شەيتانلارنى ئەۋەتكەن. كىمكى شەيتانلارنىڭ يولىغا كىرسە، ئۇ شەيتان بىلەن بىرگە دوزاخقا چۈشىدۇ.**

www.munber.org





**كىمكى ئاللاھنىڭ ئىيتقىنىنى قىلسا، ئاللاھ ئۇنى شەيتانلاردىن ساقلايدۇ.**

سوئاللار:

1. شەيتان كىم؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن كاپىر بولغان؟
2. ئاللاھ شەيتانلارنى نېمە ئۈچۈن ياراتقان؟

www.munber.org

## ئالتىنچى دەرس

## ئاللاھ كاپىرلارنى جازالايدۇ

ئادەم ئاتىدىن كېيىن، ئادەملەر خېلى ۋاقىتقىچە ئاللاھنىڭ ئىبىتقىنىنى قىلىپ يۈرۈشتى. ئەمما ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، بەزى كىشىلەر شەيتانلارنىڭ سۆزىگە كىرىپ، ئاللاھنى ئەستىن چىقىرىشقا باشلىدى. دىنىدىن يىراقلاشتى. كېيىن پۈتۈنلەي شەيتانلارغا قوشۇلۇپ، كاپىر بولۇپ كەتتى. ئاللاھ ئۇنداق ئادملەرنى توغرا يولغا چىقىرىش ئۈچۈن ياخشى ئىنسانلاردىن پەيغەمبەرلەرنى تەيىنلىدى. ھەرخىل زامانلاردا، تۈرلۈك خىل يۇرتلاردا نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ياشىدى.

يەر يۈزىدە ئىنسانلارنى ھەق يولغا چىقىرىش ئۈچۈن ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن ئەڭ بىرىنچى رەسۇل ـ نۇھ پەيغەمبەر بولىدۇ. ئۇ كىشى كىشىلەرنى ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشكە دەۋەت قىلدى. ياخشى ئادەملەر نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىپ، ئۇ كىشىنىڭ ئىبىتقانلىرىنى بىجىردى. ئاللاھنىڭ ئۆزىگە ئىبادەت

www.munber.org





قىلدى. ئەمما ئۇلارنىڭ سانلىرى ئىنتايىن ئاز ئىدى. كۆپ قىسىم ئادەملەر كاپىرلارغا ئەگىشىپ كېتىپ، نۇھ پەيغەمبەرنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىدى. كاپىرلار ئادەملەرنى ئاللاھنىڭ دىنىدىن توسۇپ، يامان يوللارغا چاقىرىۋەردى. ئوغرىلىق، باسقۇنچىلىق قىلىۋەردى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى شەيتانلار ئۆگىتىپ تۇردى.

مۇشرىكلار ئادەملەرنى ئالدايتتى، ئۇلار تاشتىن، ياغاچتىن ھەيكەللەرنى ياساپ، «مانا مۇشۇ ھەيكەللەر خۇدا بولىدۇ» دەپ ئىبىتىشقا باشلىدى. مۇشرىكلار ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنىڭ ئورنىغا ئۆزلىرى ياسىغان ھەيكەللەرگە ئىبادەت قىلاتتى. ئۇلار باشقا ئادەملەرنىمۇ شۇ بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشقا ئۈگەتتى. يەر يۈزىدە كاپىر، مۇشرىكلارمۇ، گۇناھ ئىشلارمۇ ئىنتايىن كۆپىيىپ كەتتى. ئاز سانلىق ياخشى ئادەملەردىن باشقا، ھېچكىم نۇھ پەيغەمبەرنىڭ ئىبىتقىنىنى قىلمىدى. شۇندىن كېيىن پەيغەمبەر: ﴿*سىلەرگە قاتتىق كۈن كېلىپ، ئۈستۈڭلارغا ئازاب يېغىشىدىن قورقىمەن*﴾ دەپ كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇردى. بىراق كاپىرلار بۇ سۆزگىمۇ ئىبتىبار بەرمىدى. «بىز سىنىڭ خۇدايىڭدىن كۈچلۈكمىز» دەپ پەيغەمبەر ۋە مۇئمىنلەرنى مەسخىرە قىلدى. شۇندىن كېيىن ئاللاھ كاپىر ـ مۇشرىكلارنىڭ ئۈستىگە تۇفان بالاسى ئەۋەتتى. ئۇزاق ۋاقىت توختىماستىن قاتتىق

www.munber.org

يامغۇر ياغدى. دەريا ۋە دېڭىزلار توشۇپ كەتتى. شەھەر ـ قىشلاقلار سۇنىڭ تېگىدە قالدى. يامان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى سۇغا غەرق بولدى. مۇسۇلمانلار نۇھ ئەلەيھىسسالام ياسىغان كېمىگە چىقىپ سالامەت قالدى.

ھۇد پەيغەمبەر زامانلىرىدىمۇ كاپىرلار ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا ئۇنىمىدى. گۇناھ ئىشلاردا داۋام ئېتتۈەردى. شۇندىن كېيىن قاتتىق شامال چىقىپ، ھەممە كاپىرلارنى ئۇچۇرۇپ كەتتى. شامال يامان ئادەملەرنى تاغلارغا ئېلىپ بېرىپ، تاشلارغا ئۇرۇپ ھالاك قىلدى، لۇت پەيغەمبەر زامانلىرىدا كاپىرلارنىڭ ئۈستىگە ئاسماندىن تاشلار ياغدى. ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرمىگەن يارىماس ئادەملەر ئۆلۈپ، يوق بولۇپ كەتتى.

ئەمما ئاللاھنىڭ دىنىدا مۇستەھكەم تۇرغان مۇئمىن مۇسۇلمانلار ھەرقېتىم بۇ بالالاردىن ئامان قالدى. ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزى ئۇلارنى ساقلىدى، ئاللاھ ئىمانلىق ئادەملەرنى كاپىرلارنىڭ زۇلمىدىن قۇتقۇزدى. ياخشى ئادەملەر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىپ، يەنە خاتىرجەم ھايات كەچۈرۈشكە باشلىدى.

**6 ـ قائىدە: ئاللاھ كاپىر ۋە مۇشرىكلارنى يامان كۆرىدۇ. ئەگەر ئۇلار پەيغەمبەرنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق**

www.munber.org



ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن دەسلەپكى ئىسلام دەرسلىرى

**سالمىسا، ئاللاھ بالالارنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى جازالايدۇ. مۇئمىنلەرنى بولسا ئۆزى ساقلايدۇ.**

سوئاللار:

1. كاپىرلار پەيغەمبەرلەرگە نېمە دېيىشتى؟
2. ئاللاھ كاپىرلارنى قانداق جازالىدى؟

www.munber.org

## يەتتىنچى دەرس

## ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر

بالىلار، بىز ئاللاھنىڭ ئادەملەرگە ئىنتايىن كۆپ پەيغەمبەر ئەۋەتكەنلىكىنى بىلىۋالدۇق. بۈگۈن بولسا ئاخىرقى پەيغەمبەرنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئۆگىنىمىز. ئاللاھ بۇ دۇنياغا ئاخىرقى پەيغەمبەرنى قاچان ئەۋەتكەن، بىلەمسىلەر؟

ئاللاھ بۇندىن بىرمىڭ تۆت يۈز يىل بۇرۇن يەر يۈزىگە ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەرنى ئەۋەتتى. ئۇ پەيغەمبەر بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدۇر. بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر ئۆزلىرىنىڭ قەۋمىگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىلەتتى. مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پۈتۈن دۇنياغا پەيغەمبەر بولۇپ كەلدى. ئىلگىرى پەيغەمبەرلەر مەلۇم ۋاقىتتا پەيغەمبەر بولۇپ كېلەتتى. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى بۇ دۇنيا تامام بولغۇچە ياشايدىغان ھەممە ئادەملەرگە، بارچە خەلقلەرگە، ھەتتا جىنلارغىمۇ پەيغەمبەر قىلدى.



www.munber.org



ئۇ كىشىنىڭ ئىسمى مۇھەممەد، ئاتىسىنىڭ ئىسمى ئابدۇللاھ، ئانىسىنىڭ ئىسمى ئامىنە، بوۋىسىنىڭ ئېتى ئابدۇلمۇتتەلىب.

پەيغەمبىرىمىز قۇرەيش قەبىلىسىدىن، ھاشىم ئۇرۇقىدىن، ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادىدىن بولىدۇ. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاتلىرىنى ئىشىتكەندە (ئاڭلىغاندا) **«سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم»** دېيىلىدۇ.

مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم فىل يىلىدا (570 - يىلى) مەككە شەھرىدە تۇغۇلدى. ئاتىسى ئۇ كىشى تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن ۋاپات بولغان. پەيغەمبىرىمىز ئالتە ياشقا كىرگەندە ئانىسىمۇ ۋاپات بولدى. مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىچىكىدىن يېتىم بولۇپ ئۆتتى. ئەمما ئۇ كىشى ئىنتايىن ئەدەبلىك بالا ئىدى. بالىلىق چاغلىرىدىمۇ باشقا بالىلارغا ئوخشاش كەپسىز ئەمەس ئىدى. سەھراغا چىقىپ ئادەملەرنىڭ قويىنى بېقىپ بېرەتتى. چوڭلارغا ياردەملىشەتتى.

قىرىق ياشقا كىرگەندە ئاللاھ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە پەيغەمبەرلىكنى بەردى. جىبرىئىل پەرىشتە كېلىپ ئىسلام دىنىنى ئۆگەتتى. ئاللاھتىن قۇرئان ناملىق كىتابنى ئېلىپ كېلىشكە باشلىدى.



www.munber.org

ئاللاھ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى رەسۇلۇللاھ ( ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ) دەپ ئاتىدى. ئاللاھ ئۇ كىشىنى ئاۋۋال ئۆز يېقىنلىرىنى ئىسلامغا چاقىرىشقا بۇيرىدى. كېيىن قۇرەيش قەبىلىسىنى، ئۇندىن كېيىن ھەممە ئادەملەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتتى. رەسۇلۇللاھ ئادەملەرنى ئىمانغا چاقىرىشقا باشلىدى. دەسلەپتە ئازغىنا ئادەم مۇسۇلمان بولدى. كۆپ كىشىلەر رەسۇلۇللاھقا قارشى چىقتى. مۇشرىكلار ئۇ زاتنى مەسخىرە قىلىپ، ھاقارەت قىلدى، مۇسۇلمان بولغانلىرىنى ئازابلىدى، بەزىلىرىنى ئۆلتۈردى. شۇندىن كېيىن، مۇئمىنلەر پەيغەمبىرىمىز بىلەن مەككىدىن مەدىنە شەھىرىگە كۆچۈپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ يەنە سەۋر بىلەن بارچە ئادەملەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىۋەردى. مۇسۇلمانلار بارغانسېرى كۆپىيىپ باردى. كاپىرلار بۇنىڭدىن ئاچچىقلىنىپ، مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش باشلىدى. پەيغەمبىرىمىز ۋە مۇسۇلمانلار ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتى. ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بەردى. مۇسۇلمانلار كاپىرلار ئۈستىدىن غەلبە قازاندى. نىھايەت، ئەرەبلەر ۋە ئىنتايىن كۆپ خەلقلەر ئىسلام دىنىغا كىرىشتى. مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم **23** يىل پەيغەمبەرلىك قىلدى. ئاللاھ بۇيرىغان ۋەزىپىنى چىرايلىق قىلىپ بىجىردى. رەسۇلۇللاھ **63** يېشىدا مەدىنە شەھىرىدە



www.munber.org



ۋاپات بولدى. ئاللاھ ئۇكىشىگە، ئائىلە ئەزالىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە سالاۋات ۋە سالاملار ياغدۇرسۇن.

**7 ـ قائىدە: مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەردۇر، ئۇكىشى پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەن، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كېيىن ھېچكىم پەيغەمبەر بولمايدۇ.**

سوئاللار:

**1**. ئاللاھ بۇ دۇنياغا يەنە پەيغەمبەر ئەۋەتەمدۇ؟

**2**. رەسۇلۇللا ئادەملەرنى ئىسلامغا قانداق دەۋەت قىلدى؟



www.munber.org

## سەككىزىنچى دەرس

## كىمگە ئوخشىغۇڭىز كېلىدۇ؟

ئادەتتە باللارنىڭ كىمگىدۇر ئوخشىغۇسى كېلىدۇ. ھەر بىر بالا ئۆزىچە قەھرىمان بولسام دەيدۇ. ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالغان ئادەم مانا مۇنداق سۆزلەرنى ئىشتىدۇ «مەن پالانچىغا ئوخشاش داڭلىق قىرائەتچى بولىمەن»، «مەن بۇخارىغا ئوخشاش كاتتا ئالىم بولىمەن»، «مەن مىشارىغا ئوخشاش قۇرئاننى چىرايلىق ئوقۇيدىغان مەشھۇر قارى بولىمەن» دېگەندەك. ھەر كىمنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشىگە ئوخشىغۇسى كېلىدۇ.

بىرەر ئادەم: «سىلەر كىمگە ئوخشاش بولۇشنى خالايسىلەر؟» دەپ سورىسا، نېمە دەپ جاۋاپ بېرىسىلەر؟ توختاڭلار، ئەسلىدە كىمنى ئەڭ كۆپ ياخشى كۆرىشىمىز كېرەك؟ دۇنيادا ئەڭ ياخشى ئادەم كىم ئۆزى؟ بۇ دۇنيادا ھەر تەرەپتىن كۈچلۈك ئادەم بارمۇ؟ بىر ئىنسان بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ھەم پالۋان، ھەم ئالىم، ھەم ناھايىتى ئەقىللىق، ھەم ئەڭ ئەدەبلىك، ھەم ئەڭ چىرايلىق

www.munber.org





بولالامدۇ؟ ئەنە شۇنداق ئادەمنى بىلەمسىلەر؟ بىلمىسەڭلار مانا ئەمدى بىلىسىلەر.

بۇ دۇنيادا ھەممە جەھەتتىن مۇكەممەل، ھەممە ھەۋەس قىلىدىغان ئىنسان ھەزرىتى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بولىدۇ. ئۇ كىشىنىڭ ئىمانلىرى ھەممىدىن كۈچلۈك بولغان، پەيغەمبىرىمىز ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمىغان، ئەگەر جەڭگە چۈشسە دۈشمەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى يېڭەتتى. زالىملار يىراق مەملىكەتلەردە تۇرۇپمۇ رەسۇلۇللاھتىن قورقاتتى.

پەيغەمبىرىمىز ھەممىدىن ئىلىملىك ئىدى. كىلەچەكتە نېمە ئىشلارنىڭ بولۇشىنىمۇ ئاللاھنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئېيتىپ بېرەلەيتتى. ئۇ كىشى قۇرئاننىڭ ھەممىسىنى يادقا بىلەتتى. قۇرئاننى رەسۇلۇللاھتەك چىرايلىق ۋە كۆپ ئوقۇيدىغان ھېچ كىشى بولمىغان. رەسۇلۇللاھ ناھايىتىمۇ ئەدەبلىك، شىرىن تىل (شىرىن سۆز) ،كەمتەر، ھايالىق، ئۇياتچان ، ناھايىتى چىرايلىق (كېلىشكەن) ئىنسان ئىدى. پەيغەمبىرىمىزنى بىر مەرتە كۆرگەن ئىنسان يەنە بىر كۆرسەم دەپ يۈرەتتى. بىر مەرتە سۆزىنى ئاڭلىغان كىشى يەنە بىر قېتىم سۆھبەتلەشسەم دەپ يۈرەتتى. رەسۇلۇللاھ كەمبەغەللەر ۋە مىسكىنلەرگە مېھرىبان، يېتىملەرنى ياخشى كۆرىدىغان، ھەممىگە ئۈچۇق چىراي

www.munber.org

بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان، ناھايىتىمۇ سېخى ئادەم ئىدى. ئۇ كىشى ئەنە شۇنداق ياخشى ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈن ھەم ئىسلام دىنى ھەممىگە يېقىپ قالدى. مۇسۇلمانلار كۆپىيىپ كېتىشتى، ۋاھا كازا. مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈپەتلىرىنى ئېيتىپ ئاخىرىغا يەتكۈزۈپ بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى باللار ھەممە ئىشتا ئۇ كىشىگە ئوخشاش بۇلۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ.

پەيغەمبىرىمىزنى كۆرگەن ئىنسان كىم دېيىلىدۇ؟ پەيغەمبىرىمىزنى كۆرۈپ ئۇ كىشىگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشىنى ساھابە دېيىلىدۇ. ساھابىلار ئۇ كىشىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈشكەن. ئۇ كىشىگە ئوخشاش ئىنسان بولۇشقا ھەرىكەت قىلىشقان. ئۇ كىشىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى قىلىپ، ئېيتقان سۆزلىرىنى بېجىرىشكەن. رەسۇلۇللاھنىڭ قىلغان ئىشلىرى سۈننەت دەپ ئاتىلىدۇ. ئېيتقان سۆزلىرى، قىلغان نەسىھەتلىرى ھەدىس دېيىلىدۇ. بىز رەسۇلۇللاھنى ئىنشائاللاھ جەننەتتە ئەلۋەتتە كۆرىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن ھازىردىن باشلاپ، ئۇ كىشىنىڭ ئېيتقانلىرىنى بېجىرىشىمىز كېرەك.

ئېيتقىنىمىزدەك، قىزلار كىمگە ئوخشاش بولۇشلىرى كېرەك؟ قىزلار رەسۇلۇللاھنىڭ قىزلىرى ۋە ئاياللىرىغا

www.munber.org





ئوخشاش ئەدەبلىك، بىلىملىك، قورقماس بولۇشلىرى كېرەك.

**8 ـ قائىدە: بىز ھەممىدىن بەك رەسۇلۇللاھنى ياخشى كۆرىمىز، ئۇ كىشىگە ئوخشاش بولۇشنى خالايمىز. پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرغان قۇرئان ۋە سۈننەتلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىمىز.**

سوئاللار:

1. سىز كىمنى ياخشى كۆرىسىز؟ نېمە ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىزگە ئوخشاش بولۇشنى خالايسىز؟

2. پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈپەتلىرىدىن سۆزلەپ بېرىڭ.

www.munber.org

## توققۇزىنچى دەرس

## ئەڭ ئۇلۇغ كىتاب

بالىلار، دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ كىتاب قايسى كىتاب؟

قۇرئان كەرىم!

ئىنتايىن توغرا. بۇ جاۋابنى كىم ئېيتقان بولسا ئۇنىڭغا كۆپ رەھمەت! بۇ دۇنيادا قۇرئانغا تەڭ كېلىدىغان مۇكەممەل كىتاب يوق. چۈنكى قۇرئان ئاللاھنىڭ سۆزى، بۇ دۇنيادا ئاللاھقا تەڭ كېلىدىغان ھېچكىم يوققۇ؟! دېمەك، ئۇنىڭ كىتابىغا تەڭ كېلىدىغان كىتابمۇ بولمايدۇ. قۇرئاننى ئاللاھ تائالا يەتتە قەۋەت ئاسماننىڭ ئۈستىدىن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە چۈشۈرگەن. بۇ كىتابنى ئەڭ ئۇلۇغ پەرىشتە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن. ئاللاھ قۇرئاندا يەر يۈزىدە ياشايدىغان ھەممە ئىنسانلارغا نەسىھەت قىلىدۇ.

قۇرئان ـ ئاللاھنىڭ مۆجىزىسى، ھېچكىم بۇ كىتابقا ئوخشاش كىتاب يازالمايدۇ. قۇرئان ئادەملەر يازغان كىتابلارغا ئوخشىمايدۇ.

www.munber.org





قۇرئاندا نېمىلەر ئېيتىلغان؟ قۇرئاندا قەدىمدە ئۆتكەن پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ قەۋملىرى ھەققىدە قىزىقارلىق ھېكايىلەر بار. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كىچىك بالا تۇرۇپ، قانداق قىلىپ بۇتلارنى سۇندۇرغان (چاققان)؟ ئۇ كىشى ئوتتىن قانداق قىلىپ ساق چىققان؟ نېمە ئۈچۈن مۇسا پەيغەمبەرنى بوۋاقلىق چاغلىرىدا ساندۇققا سېلىپ دەريادا ئاققۇزىۋەتكەن؟ پىرئەۋن دېگەن كاپىر پادىشاھ نېمە ئۈچۈن كىچىك بالىلارنى ئۆلتۈرگەن؟ كېيىن ئاللاھ ئۇنىڭ ئۆزىنى قانداق قىلىپ دەرياغا چۆكتۈرۈپ ئۆلتۈرگەن؟ ئاللاھ مۇئمىنلەرنى كاپىرلارنىڭ زۇلمىدىن قانداق قۇتقۇزغان؟ ھايۋانلار، قۇشلارمۇ ئىبادەت قىلىشامدۇ؟ ئۇلار قانداق گەپلىشىدۇ؟ ئۆلۈكلەر قانداق قىلىپ تىرىلدۈرۈلىدۇ؟ قۇرئاندا مانا شۇلار ھەققىدە ئاجايىپ سۈرىلەر بار.

قۇرئان كەرىم ئايەت ۋە سۈرىلەردىن تەشكىل تاپقان. بىر ياكى بىرقانچە سۆزدىن تۈزۈلگەن جۈملە ـ ئايەت دەپ ئاتىلىدۇ. بىر نەچچە ئايەتلەر قوشۇلۇپ سۈرە بولىدۇ. قۇرئان كەرىمدە **114** سۈرە بار، ئالتە مىڭدىن كۆپ ئايەت بار.

ئادەملەر ئاللاھقا قانداق ئىبادەت قىلىشلىرى كېرەك؟ دۇنيادا قانداق ياشىشى لازىم؟ ئاتا ـ ئانىغا قانداق

www.munber.org

ياخشىلىق قىلىندۇ؟ قوشنىلار، قېرىنداشلار ۋە باشقا ئادەملەر بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىندۇ؟ مۇسۇلمان پادىشاھلار خەلققە قانداق يول كۆرسىتىشى كېرەك؟ دۆلەتنى قانداق باشقۇرۇش لازىم؟ مۇسۇلمانلارغا دۈشمەن بولىۋاتقانلارغا نېمە جاۋاب قىلىش كېرەك؟ بۇلارنىڭ ھەممىسگە قۇرئاندا جاۋاب بار. شۇنداق، قۇرئان ئىنتايىن كۆپ ئىلىملەرنى، مەنالارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنى كىم كۆپ ئوقۇسا، شۇنچە كۆپ ئىلىملىك بولىدۇ. مۇسۇلمانلار قۇرئاننى ئوقۇپ ئۇنىڭدىكى قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىشىدۇ. شۇندىلا ئۇلار بۇ دۇنيادا قەتئى ئاداشمايدۇ. ئاللاھ: ﴿*بۇ قۇرئان ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ*﴾ دېگەن. رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «*سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار قۇرئان ئوقۇغان ۋە ئۇنى ئۆگەتكەن كىشىدۇر*» دېگەن.

قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرگەن ئىنسانلارغا ئاللاھ بۇ دۇنيادا بەختلىك ھايات بېرىدۇ. ئاخىرەتتە ئۇلارنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. قۇرئانغا ئىشەنمىگەن، ئەمەل قىلمىغان ئادەملەرگە بۇ دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ ئازاب بولىدۇ.

قۇرئان تىلاۋەت قىلىنغاندا ئاسماندىن ساۋاب ۋە نۇر ياغىدۇ. قۇرئان ئوقۇلغان ئۆيدە پەرىشتىلەر بولىدۇ. قۇرئان كېسەللەرگە شىپادۇر. ئۇ قەلبلەرگە خۇرسەنلىك ئېلىپ





كېلىدۇ. قۇرئاننى چىرايلىق ئوقۇغان بالىلارنى ئاللاھمۇ، پەرىشتىلەرمۇ سۆيۈپ، ئاڭلاپ تۇرۇشىدۇ.

**9 ـ قائىدە: قۇرئان ـ ئاللاھنىڭ مۇقەددەس سۆزى. ئۇنىڭدا ئاللاھ دۇنيادىكى ھەممە ئادەملەرگە خىتاب قىلغان. قۇرئاندا ھەممە نەرسىگە جاۋاب بار. قۇرئان قىيامەت كۈنى كەلگىچە ئوقۇلىدۇ ۋە ئەمەل قىلىنىدۇ.**

سوئاللار:

1. قۇرئان قەيەردىن كەلگەن؟ ئۇ قانداق كىتاب؟
2. قۇرئاندا نېمىلەر بار؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن ئوقۇلىدۇ؟



www.munber.org
www.munber.org

## ئونىنچى دەرس

## ئىسلام قانداق دىن؟

﴿*ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ھەقىقىي دىن ـ ئىسلامدۇر*﴾ بۇ سۆزنى كىم ئېيتقان بىلەمسىلەر؟ بۇنى قۇرئاندا ئاللاھ ئېيتقان. شۇندىن بىلىمىزكى، ئىسلام بۇ دۇنيادىكى ئەڭ توغرا دىندۇر. ئاللاھ بۇ دۇنيادىكى ھەممە ئادەملەرنى ئىسلامغا كىرىشكە ۋە ئۇنى ئۆگىنىشكە بۇيرىغان.

ئىسلامغا كىرىش ئۈچۈن نېمە قىلىش كېرەك؟ ئىسلامغا كىرىش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال ئاللاھقا ۋە رەسۇلۇللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش لازىم. ئىمان كەلتۈرگەندە چىن دىلدىن *«لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇررەسۇلۇللاھ»* دەپ ئېيتىلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى «ئاللاھتىن باشقا خۇدا يوق، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» دېگەنلىك بولىدۇ. ئىسلام دىنىغا كىرگەن ئادەم مۇسۇلمان دېيىلىدۇ.

ئىسلامنى بىزگە ئاللاھتىن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېلىپ كەلگەن. دەسلەپكى پەيغەمبەرلەرگە ئەۋەتىلگەن دىنمۇ ئىسلام بولغان. ئەمما



www.munber.org



مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۇغۇلغان ۋاقىتلىرىدا ئىسلام ئادەملەرنىڭ ئېسىدىن چىقىپ كەتكەن ئىدى. كۆپچىلىك كىشىلەر تاش ۋە ياغاچلاردىن ياسالغان بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشاتتى. شۇندىن كېيىن ئاللاھ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئارقىلىق بۇ دۇنياغا يېڭىدىن ئىسلام دىنىنى ئەۋەتتى. ئىسلامنىڭ قائىدىلىرىنى قۇرئاندا چۈشەندۈرۈپ بەردى. بەزى قائىدىلەرنى بولسا پەيغەمبىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ھەدىسلىرىدە ئېيتىپ بەردى. ھەدىسلەرنىمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ قەلبلىرىگە ئاللاھنىڭ ئۆزى سېلىپ قويغان.

پەيغەمبىرىمىز ئۆزى ئەرەب مىللىتىدىن، بىراق ئىسلام پەقەت ئەرەبلەر ئۈچۈن كەلگەن ئەمەس. ئىسلامغا كىرگەن ئادەم قايسى مىللەتتىن بولسا ھەم مۇسۇلمان بولىۋېرىدۇ. ئۇيغۇرلارمۇ، ئۆزبېكلەرمۇ، قازاقلارمۇ، قىرغىز ۋە تاجىكلارمۇ، ھەتتا خەنزۇلارمۇ ئىسلامغا كىرسە ئوخشاش مۇسۇلمان بولىۋېرىدۇ. ئاللاھ: ﴿*مۇئمىنلەر بىر-بىرلىرى بىلەن قېرىنداشتۇر*﴾ دېگەن. مۇسۇلمانلار قايسى تىلدا سۆزلىشىدىن قەتئىنەزەر، بىر- بىرلىرى بىلەن باراۋەر بولىدۇ. رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: *«ھەممىڭلار ئادەم ئەۋلادىدىن، ئادەم بولسا تۇپراقتىن يارىتىلغان»* دېگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامغا كىرگەن



www.munber.org

ئادەم ئۆزلىرىنى بىر ـ بىرلىرىدىن ئۈستۈن قويمايدۇ. ئۇلار دائىم ئىناق ۋە دوست بولۇپ ھايات كەچۈرىدۇ.

ئىسلامدا ياخشى ئىش قىلىش ساۋاب، يامان ئىش قىلىش گۇناھ دېيىلىدۇ. ساۋاب ئىش قىلغان ئادەمنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنىڭغا كاتتا ـ كاتتا مۇكاپاتلارنى بېرىدۇ. گۇناھ قىلغان ئادەمنى ئاللاھ يامان كۆرىدۇ. ئەگەر تەۋبە قىلمىسا ئۇنى ئازابلايدۇ.

ئاللاھ ۋە پەيغەمبىرىمىز «قىلماڭلار» دېگەن ئىشلار ـ ھارام ئىشلاردۇر. ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئوغرىلىق قىلىش، قىمار ئويناش، ئۇيات ئىش قىلىش، ھاراق ئىچىش، جاڭجاللىشىش، ئۇرۇشۇش، بىر ـ بىرىنى خاپا قىلىش ـ ھارام! چوچقا، ئىت، ئېشەككە ئوخشاش ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىشمۇ ھارامدۇر. ھارام ئىشلارنى قىلىش ـ گۇناھ!

ئىسلام ـ بويسۇنۇش دېگەن مەنانى بېرىدۇ. ئىسلامغا كىرگەن ئادەم ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا سۆزسىز بويسۇنىدۇ. ئىسلام بەش نەرسە ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئىمان كەلتۈرۈش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش، ھەج قىلىش. بۇلار پەرز دېيىلىدۇ. پەرز دەپ ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئېيتىلىدۇ. پەرزلەرنى بېجىرگەن

www.munber.org





كىشىلەر ئاللاھتىن ساۋاب ـ مۇكاپات ئالىدۇ. بېجىرمىگەنلەر گۇناھكار بولىدۇ.

**10 ـ قائىدە: ئىسلام ئەڭ توغرا دىندۇر. ئىسلام ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا، ئاتا ـ ئانىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىشقا، چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىشقا، كىچىكلەرگە مېھرىبان بولۇشقا بۇيرۇيدۇ. مۇسۇلمانلار بىر ـ بىرى بىلەن قېرىنداش ۋە ئىناق بولۇپ ياشايدۇ.**

سوئاللار:

1. ئىسلام دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق دىن؟

2. پەرز، ساۋاب، گۇناھ، ھارام دېگەن نېمە؟ بۇلارغا مىساللار كەلتۈرۈڭ.

www.munber.org

## ئون بىرىنچى دەرس

## ئاللاھ مۇسۇلمانلارنىڭ دوستى

ئاللاھ بۇ دۇنيانى ياخشى ئادەملەر ئۈچۈن ياراتقان. ئادەملەرنى بولسا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىپ، ياخشى ئىشلارنى بەجىرىشلىرى ئۈچۈن پەيدا قىلغان. ئاللاھ: ﴿*مەن جىن ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىشلىرى ئۈچۈن ياراتتىم*﴾ دېگەن. ياخشى ئادەملەر بۇ دۇنيادا ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈپ، مۇسۇلمان بولىدۇ، ئىلىم ئالىدۇ، ناماز ۋە قۇرئان ئوقۇيدۇ، مېھنەت قىلىدۇ، ھەممىگە ياخشىلىق قىلىدۇ. ئەنە شۇنداق قىلىپ يەر يۈزى ئاۋات بولىدۇ. شەھەر - قىشلاقلار گۈللەپ ياشنايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ مۇسۇلمانلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

ئاللاھ مۇسۇلمانلارنىڭ دوستىدۇر. ئۇ مۇسۇلمانلارغا دائىم ياخشىلىق قىلىدۇ. دۇئا قىلسا، دۇئالىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. ياردەم سورىسا ياردەم بېرىدۇ. «بىزنى زالىملاردىن قۇتقۇز!» دەپ ھەرىكەت قىلسا، قۇتقۇزىدۇ.

www.munber.org



ئۈسمۈرلەر ئۈچۈن دەسلەپكى ئىسلام دەرسلىرى

كېسەل بولۇپ قېلىپ، شىپا سورىسا، شىپا بېرىدۇ. ۋاپات بولسا جەننەتكە ئېلىپ كىرىدۇ.

مۇسۇلمانلار قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالسا، سەۋر قىلىدۇ. ئاللاھتىن ياخشى كۈنلەرنى سوراپ مېھنەت قىلىدۇ. ئۇلار: « بۇقىيىنچىلىقلارغا ئاللاھ ئۈچۈن سەۋر قىلىمىز، ياخشى كۈنلەرنىڭ كېلىشى ئۈچۈن ئاللاھ ئېيتقىنىدەك ھەرىكەت قىلىمىز» دەيدۇ. شۇندىلا ئاللاھ ئۇلارغا ساۋاب يازىدۇ ۋە ياخشى كۈنلەرنى بېرىدۇ.

ئەگەر مۇسۇلمانلارغا ياخشىلىق كەلسە، ئاللاھقا شۈكۈر قىلىدۇ، «بۇ ياخشىلىقلارنى بىزگە ئاللاھ بەردى» دەيدۇ. بۇنى ئاڭلاپ ئاللاھ ئۇلارغا يەنە ساۋاب يازدۇرۇپ قويىدۇ. قاراڭ، مۇسۇلمان بولۇش نېمە دېگەن ياخشى - ھە! كاپىرلارغا بولسا ئۇنداق ياخشىلىقلار يوق. چۈنكى ئۇلارغا ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرمەيدۇ. ئاللاھمۇ ئۇلارغا ساۋاب يازمايدۇ. ئاللاھ كاپىرلارغا ياخشى نەرسە بەرسە، ئۇلار «بۇنى ئۆزىمىز تاپتۇق، بىز كۈچلۈك» دەپ، ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ماختايدۇ. ئاللاھنى ئەسلىمەيدۇ. بىرەر بالاغا ئۇچراپ قالسا، ئۆزلىرىنىڭ يامانلىقلىرىدىن ئەمەس، باشقىلاردىن كۆرىدۇ.

ئاللاھ بۇ دۇنيادا ئۆزىنىڭ دوستلىرى - مۇسۇلمانلارنى سىناپ كۆرىدۇ. ئۇلارغا بەزىدە ئاپەت ئەۋەتىدۇ. بەزىدە

www.munber.org

ئۇلارنى ئۈستىگە ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرى ـ كاپىرلارنى ئەۋەتىدۇ. مانا شۇلارغا قارشى كۈرەش قىلىڭلار، ئۆزەڭلارنى ۋە ئاللاھنىڭ دىنىنى ھىمايە قىلىڭلار! ـ دەپ ئېيتىدۇ. ئۇ: ﴿*ئەگەر ئاللاھقا ياردەم بەرسەڭلار، ئاللاھمۇ سىلەرگە ياردەم بېرىدۇ*﴾ دېگەن. مۇسۇلمان ئۆزلىرىنىڭ دوستى بولغان ئاللاھقا، يەنى ئۇنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدۇ. چۈنكى ئىنسان ئۆزىنىڭ دوستىغا ياردەم بېرىشى كېرەكتە، توغرىمۇ؟ ئەنە شۇندىن كېيىن ئاللاھمۇ مۇسۇلمانلارغا ياردەم بېرىدۇ. ئۇلارنى دۈشمەن ئۈستىدىن غالىپ قىلىدۇ. ئۇلارغا كاتتا ـ كاتتا ساۋابلارنى يازىدۇ ۋە ئاخىرىدا مۇكاپاتلارنى بېرىدۇ.

ئاللاھ ئۆزىنىڭ دوستلىرىنىڭ ھەرجەھەتتىن كۈچلۈك بولۇشىنى خالايدۇ. مۇسۇلمانلار ئەڭ ئاۋۋال ئىماندا، ئىلىم ۋە ئەدەب ـ ئەخلاقتا كۈچلۈك بولۇشى كېرەك. كېيىن باشقا ئىشلاردىمۇ كۈچلۈك بولۇشى لازىم. شۇندىلا ئۇلار ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بېرەلەيدۇ. ئەنە شۇ ۋاقىتتا ئاللاھمۇ ئۇلارغا ئەڭ بىرىنچى ئورۇندا ياردەم بېرىدۇ. كۈچسىز مۇسۇلمانلارغا بولسا كېيىن ياردەم بېرىدۇ.

**11 ـ قائىدە: ئاللاھ مۇسۇلمانلارنىڭ دوستى. ئۇ كۈچلۈك مۇسۇلمانلارنى بەكرەك ياخشى كۆرىدۇ. مۇسۇلمان باللار ھەرجەھەتتىن كۈچلۈك بولۇشى كېرەك. ئۇلار ئەڭ بىرىنچى بولۇپ ئىلىم ئېلىشقا قاتتىق تىرىشىدۇ، ئوقۇغانلىرىغا ئەمەل قىلىدۇ.**

www.munber.org





سوئاللار:

1. ئاللاھ مۇسۇلمانلارغا قانداق ياخشىلىق قىلىدۇ؟ ئۇلارنى قانداق قىلىپ سىنايدۇ؟

2. ئاللاھ نېمە ئۈچۈن كۈچلۈك مۇسۇلمانلارنى ياخشى كۆرىدۇ؟

www.munber.org

## ئون ئىككىنچى دەرس

### ئىككى پەرىشتە

بىز ياخشى بىلىمىزكى، ئاللاھ پەرىشتىلەرنى نۇردىن ياراتقان. پەرىشتىلەر ئەرمۇ ئەمەس، ئايالمۇ ئەمەس. ئۇلار تاماق يېمەيدۇ، سۇ ئىچمەيدۇ. بالا - چاقىلىرىمۇ يوق. مەلائىكىلەر پەقەت ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى بىجىرىدۇ. ئۇلار ھېچقاچان گۇناھ ۋە يامان ئىش قىلمايدۇ. دائىم ئاللاھنى ئۇلۇغلاپ، ماختاپ تۇرۇشىدۇ. ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشىدۇ. يەنە باشقا ھەرخىل ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بىزنىڭ ئەتراپىمىزنى ئوراپ، دائىرىلەپ تۇرىدۇ. ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بىزنى بالالاردىن، زىيانلاردىن ساقلاپ قالىدۇ. شەيتانلاردىن ھىمايە قىلىدۇ، قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىزنى كۈزىتىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ھەركۈنى ئاسماندىن يەرگە نۆۋەت بىلەن كېلىپ كېتىشىدۇ. كۈندۈز ۋە كېچە ئۈچۈن مەخسۇس پەرىشتىلەر بولىدۇ. كۈندۈزى چۈشكەن پەرىشتىلەر كەچقۇرۇن يەنە ئاسمانغا چىقىپ كېتىدۇ. كېچىسى ئۈچۈن كەلگەن پەرىشتىلەر تاڭ ئاتقاندا ئاسمانغا

www.munber.org





كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ئۇلار ياخشى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەققىگە دۇئا قىلىپ تۇرۇشىدۇ. بىز ئۇلارنى ياخشى كۆرىمىز.

پەرىشتىلەر بىزنىڭ كۆزىمىزگە كۆرۈنمەيدۇ. ئەمما ئۇلار بىزنى كۆرۈپ تۇرۇشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئەدەبلىك بولۇپ يۈرۈشىمىز كېرەك.

پەرىشتىلەر ئىچىدە ھۆرمەتلىك كاتىپ پەرىشتىلەر بار. كاتىپ پەرىشتىلەر نېمە ئىش قىلىدۇ، بىلەمسىلەر؟ ئۇلار ھەربىر ئادەمنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرىدۇ. ئوڭ تەرەپتە تۇرىدىغان پەرىشتە ئادەمنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى يېزىپ تۇرىدۇ. سول تەرەپتىكى پەرىشتە بولسا يامان ئەمەللەرنى يېزىپ تۇرىدۇ. بىرەر كىچىككىنە ئىشمۇ ئۇلارنىڭ نەزىرىدە چەتتە قالمايدۇ. بىزنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىمىزنى، ھەر بىر سۆزىمىزنى بۇ ئىككى پەرىشتە يېزىۋالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئىنتايىن ئېھتىيات قىلىشىمىز لازىم. ھېچقاچان گۇناھ ئىشلارنى قىلماسلىقىمىز، يامان ۋە ئۇيات سۆزلەرنى ئېيتماسلىقىمىز لازىم.

بىز قەيەرگە بارمايلى، ئىككى يازغۇچى پەرىشتە بىز بىلەن بىرگە بېرىشىدۇ. ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلساق، شۇنى يېزىۋالىدۇ. ھېچكىم ئاڭلىمايدىغان قىلىپ شىۋىرلاپ گەپ قىلساقمۇ، ئۇلار ئاڭلايدۇ ۋە دەپتەرلىرىگە

www.munber.org

يېزىشىدۇ. ئەمما كىمكى گۇناھ ئىش قىلغاندىن كېيىن، تەۋبە قىلسا، پەرىشتىلەر ئۇنىڭ گۇناھىنى ئۆچۈرىدۇ. پەرىشتىلەر بۇ دۇنيادا يېزىۋالغان نەرسىلەر قىيامەت كۈنىدە ئاشكارا بولىدۇ. ئادەملەردىن يوشۇرۇپ قىلغان ئىشلارمۇ ئېچىلىپ كېتىدۇ. پەرىشتىلەرنىڭ يازغانلىرى ئىنساننىڭ يا زىيىنىغا، يا پايدىسىغا گۇۋاھ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەملەر بىلىپ قالسا ئۇيات بولىدىغان ئىشلارنى ئادەملەر يوق يەردىمۇ قىلماسلىق كېرەك.

كىمكى بۇ ئىككى پەرىشتە ھەققىدە ئاڭلاشتىن بۇرۇن بىرەر گۇناھ ئىش قىلىپ قويغان بولسا، دەررۇ تەۋبە قىلىۋالسۇن. «ئى ئاللاھ، مېنىڭ گۇناھلىرىمنى كەچۈر، بىلمەي قىپتىمەن. ئەمدى بۇنداق ئىشنى قىلمايمەن» دېسۇن. كىمكى بىرەر يامان سۆزنى ئېيتىپ قويغان بولسا، تېزدىن «ئەستەغفىرۇللا» دەپ ئىستىغفار ئېيتسۇن. ئاللاھ ئەلۋەتتە كەچۈرىدۇ. تەۋبە قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۇنداق يامان ئىشنى ئىككىنچى قېتىم قىلماسلىق كېرەك.

**12 ـ قائىدە: مەلائىكىلەر ئادەملەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. ھەربىر ئىنساننىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى كاتىپ پەرىشتە بولىدۇ. ئۇلار ئىنساننىڭ ھەممە سۆزىنى ۋە ئىشىنى يېزىپ تۇرىدۇ. ياخشى**

www.munber.org





**مۇسۇلمانلار پەرىشتىلەردىن ئۇيۇلىدۇ. يامان سۆزلەرنى دېمەيدۇ، گۇناھ ئىشلارنى قىلمايدۇ.**

سوئاللار:

1. پەرىشتىلەر قانداق مەۋجۇداتلار؟ ئىككى كاتىپ پەرىشتە ھەققىدە سۆزلەپ بېرىڭ.

2. بىلمەستىن گۇناھ ئىش قىلىپ قويغان ئادەم قانداق قىلىشلىرى كېرەك؟

www.munber.org

## ئون ئۈچىنچى دەرس

## قەبرىدىكى ھايات

ئادەم بالىسى بۇ دۇنيادا ئەبەدىي ياشىمايدۇ. ھەممە ئىنسان بىر كۈنى ۋاپات بولىدۇ. بەزىلەر ئۇزاق يىل ياشايدۇ، بەزىلەر ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرىدۇ، بەزىلەر ياشلىقىدا ۋاپات بولۇپ كېتىدۇ.

ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ جېنىنى پەرىشتىلەر ئېلىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ياخشى ئادەم بولغان بولسا ئۇنىڭ جېنىنى جەننەت پەرىشتىلىرى ئېلىپ كېتىدۇ. يامان ئادەم بولغان بولسا ئۇنىڭ جېنىنى دوزاخ پەرىشتىلىرى ئېلىپ كېتىدۇ. ئىنساننىڭ جېنى تېنىدىن چىققاندىن كېيىن يا راھەتتە، ياكى ئازابتا ياشايدۇ.

ۋاپات بولغان كىشىنىڭ جەسىتىنى ئادەملەر يۇيۇپ، كېپەنگە ئېلىپ، قەبرىستانغا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇجايدا ئۆلۈكنى يەرگە كۆمىدۇ. ئادەم كۆمۈلگەن يەر - قەبر دېيىلىدۇ. ئىنسان قەبرىگە كۆمۈلگەندىن كېيىن ئۇ يەردە ئۆزى يالغۇز قالىدۇ. ھەممە ئۆز ئۆيىگە، ئىشىغا قايتىپ كېتىدۇ. شۇندىن كېيىن ئاللاھ ئۆلگەن ئادەمنى قەبرىدە



www.munber.org



قايتا تىرىلدۈرىدۇ، نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى ئاللاھ ھەربىر ئىنساننى قەبرىدە سوراق قىلىدۇ. ئاللاھ قەبرىگە ئۆزىنىڭ ئىككى پەرىشتىسىنى ئەۋەتىدۇ. ئۇلارنىڭ نامى مۇنكىر ۋە نەكىر دەپ ئاتىلىدۇ. مۇنكىر ۋە نەكىر قەبرىگە كىرىپ ئۆلۈكنى ئويغىتىدۇ. كېيىن ئۇنى سوراق قىلىشنى باشلايدۇ.

پەرىشتىلەر «رەببىڭ كىم؟» دەپ سورايدۇ، يەنە ئۇلار «پەيغەمبىرىڭ كىم؟»، «دىنىڭ نېمە؟» دەپ سورايدۇ. ئەگەر ئىنسان دۇنيادا ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى قىلىپ ياشىغان بولسا، ھېچ قېينالمايدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭ تىلىغا توغرا جاۋابلارنى كەلتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ ئادەم پەرىشتىلەرنىڭ سوئالىغا تەمتىرىمەستىن توپتوغرا جاۋاب بېرىدۇ. «رەببىم - ئاللاھ»، «پەيغەمبىرىم - مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام»، «دىنىم - ئىسلام» دەپ ئېيتىدۇ. بۇ چاغدا قەبرە كېڭىيىپ كېتىدۇ ۋە گۈلى رەيھانلارغا تولىدۇ. پەرىشتىلەر قەبرىدىكى كىشىگە جەننەت بىلەن دوزاخنى كۆرسىتىشىدۇ. ئۇلار «قارىغىن، سېنىڭ دوزاختا ئورنۇڭ بار ئىدى، ئاللاھ ئۇنى جەننەتكە ئالماشتۇردى، ئەمدى راھەتلىنىپ ئۇخلىغىن» دەپ چىقىپ كېتىدۇ.



www.munber.org

ئەمما ئۆلگەن ئادەم بۇ دۇنيادا دىنغا ئەمەل قىلمىغان بولسا، ئۇ مۇنكىر ۋە نەكىرنىڭ سورىغان سوئالىغا جاۋاب بېرەلمەيدۇ. ئۇ ئىنتايىن قاتتىق قورقۇپ كېتىدۇ. پەرىشتىلەر يامان ئادەملەرنىڭ كۆزىگە ناھايىتى خۇنۇك بولۇپ كۆرۈنىشىدۇ. ئاۋازلىرىمۇ قاتتىق ۋە قورقۇنچلۇق بولىدۇ. كاپىر ۋە مۇناپىق ئادەم پەرىشتىلەرنىڭ سوئاللىرىغا «بىلمەيمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ياكى قورقۇپ «ئا...ئا...» دەپ تۇرىۋېرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قەبرىگە ئازاب پەرىشتىسى كېلىدۇ. ئۇ قولىدىكى ئەگرى تۆمۈر گۇرزە بىلەن ئۇ يەردىكى ئادەمنىڭ بېشىغا ئۇرىدۇ. ئۇ ئادەم دات - پەرياد قىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ دات - پەريادلىرىنى ھېچكىم ئاڭلىمايدۇ. پەرىشتىلەر ئۇنى ئازابلاۋېرىدۇ. يامان ئادەم تا قىيامەت بولغۇچە ئەنە شۇنداق ئازابتا ياتىدۇ.

كاپىر، مۇناپىق ۋە يارىماس ئادەملەر قەبرىدە بۇ دۇنيادا قىلغان يامان ئىشلىرىغا يارىشا ھەرخىل ئازابتا بولىدۇ. بۇ ھەقتە سىلەرگە ئۇستازلىرىڭلار سۆزلەپ بېرىدۇ. ياخشى كىشىلەر قەبرىدە راھەتتە ياتىدۇ. ئاللاھ ھەممىمىزنى قەبرە ئازابىدىن ساقلىسۇن!

**13 - قائىدە: قەبرىدە ئىككى پەرىشتە ھەربىر ئادەمنى سوراق قىلىشىدۇ. ئاللاھ ئۇ يەردە مۇئمىن ئىنسانغا ياردەم بېرىدۇ. كاپىر، مۇناپىقلارغا ۋە گۇناھكار مۇسۇلمانلارغا ئازاب بېرىدۇ. قەبرە جەننەتتىن بىر باغچا ياكى دوزاختىن بىر چوڭقۇرلۇقتۇر.**

سوئاللار:

1. مۇنكىر ۋە نەكىر قەبرىدە نېمە دەپ سوئال سورىشىدۇ؟

2. مۇئمىنلەر ۋە كاپىر - مۇناپىقلارنىڭ قەبرىدىكى ھالەتلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىڭ.

www.munber.org

## ئون تۆتىنچى دەرس

## قىيامەت قانداق كۈن؟

بۇ دۇنيا بۇرۇنلا يوق ئىدى، ئۇ بىر كۈنى يەنە يوقاپ كېتىدۇ. ئاشۇ كۈن دۇنيانىڭ ئاخىرقى كۈنى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى «ئاخىرەت» كۈنى دەيدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر نامى «قىيامەت». ئاللاھ: ﴿*قىيامەتنىڭ ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالدى*﴾ دەپ ئېيتقان. ئەمما قىيامەتنىڭ قاچان بولۇشىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

نېمە ئۈچۈن قىيامەت بولىدۇ؟ چۈنكى ئاللاھ ياخشى ئىنسان بولۇپ ياشىغانلارغا قىيامەتتە مۇكاپات بېرىمەن، يامانلىق قىلغانلارنى جازالايمەن، دېگەن. ئۇ ئەنە شۇ ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قىيامەتنى كەلتۈرىدۇ.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى قۇياش كۈن پېتىش تەرەپتىن چىقىپ كېلىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا قىيامەت باشلىنىدۇ. ئىسرافىل دېگەن پەرىشتە سۇر چالىدۇ. دۇنيادا تىرىك جانلا باركى ھەممىسى سۇرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىشى بىلەن قېتىپ قالىدۇ. كېيىن ئىسرافىل پەرىشتە سۇرنى يەنە بىر مەرتە چالىدۇ. بۇ چاغدا دۇنيانىڭ ئاۋۇلىدىن باشلاپ تا

www.munber.org





قىيامەتكىچە ياشاپ ئۆتكەن جىمكى ئادەملەر، جىنلار ۋە ھايۋانلار قايتىدىن تىرىلىدۇ. بەدەنلىرى يوق بولۇپ كەتكەنلەرگە ئاللاھ يېڭىدىن تەن يارىتىدۇ. پەرىشتىلەر ھەممە ئىنسانلارنى بىر يەرگە توپلايدۇ.

قىيامەت كۈنى ئاسمان قاراسلاپ يېرىلىپ، يۇلتۇزلار تۆكۈلۈپ كېتىدۇ. تاغلار گۈمۈرلەپ پارتلايدۇ ۋە پارچە - پارچە بولۇپ، ھاۋادا ئۈچۈپ يۈرۈيدۇ. قۇياش كۆكتىن پەسكە تاشلىنىپ، يەرگە يېقىن قىلىپ قويۇلىدۇ. ئىسسىقتىن دەريا ۋە دېڭىزدىكى سۇلار قاينايدۇ. قىيامەت ئىنتايىن قىيىن كۈن بولىدۇ. ئۇ كۈندە ياش باللارمۇ قاتتىق قورقۇپ كېتىدۇ. ئۇلارغا ئاتا - ئانىلىرىمۇ قارىماي قويىدۇ. ھەممە ئۆزىنىڭ جېنىنى ئويلاپ قالىدۇ. ئەمما ياخشىلىق چېغىدىن باشلاپ رەببىگە ئىتائەت قىلغانلارغا ئاللاھ ياردەم قىلىدۇ ۋە ئەرشىنىڭ ئاستىن سايە بېرىدۇ.

پەرىشتىلەرنىڭ بۇ دۇنيادا يېزىپ يۈرگەن ئەمەل كىتابلىرى قىيامەت كۈنى ھاۋادا ئۈچۈپ كېلىدۇ. جەننەتى ئادەمنىڭ كىتابى ئوڭ ياكى ئالدى تەرىپىدىن، دوزىخى ئادەمنىڭ كىتابى سول ياكى ئارقا تەرىپىدىن ئۈچۈپ كېلىدۇ. ئەمەل كىتابىدا ئىنساننىڭ ھاياتىدا قىلغان ھەممە ئىشلىرى يېزىلغان بولىدۇ. ئاللاھنىڭ ئۆزى ھەممىنى سوراق قىلىدۇ.

www.munber.org

ئاخىرەت كۈنىدە ئادەملەرنىڭ ساۋاب ياكى گۇناھلىرى تارازىغا سېلىپ تارتىلىدۇ. تارازىنىڭ بىر پەللىسىگە ساۋاب، ئىككىنچى پەللىسىگە گۇناھ قويۇلىدۇ. بەزى ئادەملەرنىڭ ساۋابى ئېغىر كېلىدۇ، بەزى ئادەملەرنىڭ گۇناھى ئېغىر كېلىدۇ. بەزىلەرنىڭ ھېچقانداق ساۋابىمۇ بولمايدۇ.

قىيامەت كۈنى ھەممە ئادەملەر سىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتكۈزىلىدۇ. سىرات كۆۋرۈكى قىلدىن ئىنچىكە، قىلىچتىن ئۆتكۈر. ئۇ دوزاخنىڭ ئۈستىدىن ئۆتىدۇ. كاپىرلار، مۇناپىقلار ۋە گۇناھكار مۇسۇلمانلار سىراتتىن ئۆتەلمەي، دوزاخقا يىقىلىدۇ. ياخشى مۇسۇلمانلار سىراتتىن ئامان ـ ئىسەن ئۆتۈپ، جەننەتكە قاراپ ماڭىدۇ. كېيىن ئادەملەر بىر ـ بىرلىرىدە قىلىپ قالغان ھەقلىرىنى ئالىدۇ. بۇ دۇنيادا كىمنىڭ باشقا بىراۋدا ھەققى قالغان بولسا، ئۇنىڭغا ئاشۇ ئادەمنىڭ ساۋابىدىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. قىيامەتتە ئادەملەر قاتتىق چاڭقاپ كېتىدۇ. بىر يۇتۇم سۇمۇ تاپالمايدۇ. بۇ چاغدا رەسۇلۇللا ئىسلامغا چىرايلىق ئەمەل قىلىپ ئۆتكەن ئىنسانلارغا كەۋسەر دېگەن چوڭ كۆلدىن سۇ ئىچۈرىدۇ. كەۋسەردىن بىر مەرتە سۇ ئىچكەن ئادەم كېيىن ئەسلا چاڭقىمايدۇ.



www.munber.org



قىيامەتتە يەنە ناھايىتى كۆپ ئىشلار بولىدۇ. ئۇلار ھەققىدە سىلەرگە ئۇستازلىرىڭلار تەپسىلى سۆزلەپ بېرىدۇ.

**14 ـ قائىدە: قىيامەت ئەلۋەتتە كېلىدۇ، ئۇ كۈنى كاپىرلار، مۇناپىقلار، زالىملار، يارىماس ئادەملەر دوزاخقا تاشلىنىدۇ. ھېساب ـ كىتابتىن ياخشى ئۆتكەن مۇسۇلمانلار جەننەتكە كىرگۈزۈلىدۇ.**

سوئاللار:

1. نېمە ئۈچۈن قىيامەت بولىدۇ؟
2. قىيامەت كۈنىدە بولىدىغان ھادىسىلەر ھەققىدە سۆزلەپ بېرىڭ.



www.munber.org

## ئون بەشىنچى دەرس

## دوزاخ - ئەڭ يامان جاي

دوزاخ!... ئاللاھ ساقلىسۇن بىزنى ئۇ يامان جايدىن! دوزاخ ئىنتايىن يامان جاي! ئۇنىڭ بىر نەچچە ئوتى بار: جەھەننەم، جەھىيم، سەقەر، نار ۋەھاكازا. دوزاخ ھازىرمۇ بار. ئۇنى قىيامەت كۈنى ھەربىر ئادەم ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ.

يارىماس ئادەملەر قىيامەت كۈنى قاراڭغۇ، زۇلمەت، دەھشەت ۋە ئازاب ئىچىدە خار بولۇپ كېتىدۇ. ئۇلار: «بىزگە رەھىم قىلىڭلار»، دەپ يېلىنىپ، ھەممىدىن ياردەم سورايدۇ. ئۇلارغا ھېچكىم ياردەم بەرمەيدۇ. «ئەمدى ھالىمىز نېمە بولىدۇ؟» دەپ قورقۇپ، يىغلاپ تۇرغان پەيتلىرىدە ھەممە ياقنى قىيا - چىيا ۋە قورقۇنچلۇق ئاۋازلار بېسىپ كېتىدۇ. ئادەملەر قارىسا جەھەننەم ئېلىپ كېلىنىۋاتقان بولىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: *«قىيامەت كۈنى دوزاخ ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئۇنىڭ يەتمىش مىڭ ھالقىسى بولىدۇ، ھەربىر جىلاۋىدىن*

www.munber.org





*يەتمىش مىڭدىن پەرىشتە تۇتۇپ سۆرەپ، ئۇنى ئېلىپ كېلىدۇ»*.

دوزاخ ئىنتايىن يوغان بولۇپ، يەتتە قەۋەتتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ يەتتە دەرۋازىسى بار. ئېيتىلىشىچە دوزاخ يەتتە قەۋەت يەرنىڭ ئاستىدىدۇر. ئەڭ يامان جايى ئۇنىڭ ئەڭ پەستىكى قەۋىتى بولىدۇ. ئۇ يەرگە مۇناپىقلار چۈشىدۇ. جەھەننەم شۇنداق چوڭقۇركى، ئەگەر يوغان بىر تاش تاشلانسا، ئۇ جەھەننەمنىڭ تېگىگە **70** يىلدا يېتىپ بارىدۇ.

قىيامەت كۈنى جەھەننەم ئىنتايىن ئاچچىقلانغان ھالەتتە بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىچىگە يامان ئادەملەرنىڭ چۈشىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى يۇتۇپ كۆيدۈرۈشكە، ئازابلاشقا تەييارلىنىپ، غەزەبلىنىپ كېلىدۇ. دوزاختىكى ئوتنىڭ قاتتىق كۆيگىنىدىن ئۇندىن قاراسلىغان، تاراقلىغان، گۈمبۈرلىگەن ئاۋازلار چىقىپ تۇرىدۇ. كېيىن گۇناھكارلارنى دوزاختا تاشلاش باشلىنىدۇ. پەرىشتىلەر يامان ئادەملەرنىڭ نامىنى ئېيتىپ: «پالانچىنىڭ ئوغلى پالانچى قېنى؟!» دەپ بىرمۇ - بىر چاقىرىدۇ. كاپىر، مۇناپىق ۋە پاسىقلارنى تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ قوللىرىنى گەدەنلىرىگە، ئاياغلىرىنى باشلىرىغا قىلىپ باغلايدۇ. بويۇنلىرىغا زەنجىرلەر سېلىنىدۇ. ئاندىن

www.munber.org

تۆمۈرلەر بىلەن ئۇرۇپ، جەھەننەمگە سۆرەپ بېرىلىدۇ ۋە ئوتقا تاشلىنىدۇ. زالىم كىشىگە: «سەن دۇنيادا ئۆزۈڭنى ھەممىدىن زور، ئەقىللىق، ئەڭ كۈچلۈك ساناپ يۈرەتتىڭ، مانا ئەمدى ئازابىڭنى تارت!» دەپ ئېيتىلىدۇ.

دوزاختا چۈشكەن ئادەملەرنىڭ ئۈستىدىمۇ ئوت، ئاستىدىمۇ ئوت، ئوڭ ـ سول تەرەپلىرىدىمۇ ئوت! بويۇنلىرىدا قىزىل چوغقا ئايلانغان ئېغىر زەنجىرلەر. ئۇلارنىڭ يېمەكلىكلىرىمۇ، ئىچىملىكلىرىمۇ ئوت بولىدۇ. يەنە ئۇلارغا ئېرىتىلگەن مىستىن كىيىم كىيگۈزۈلىدۇ، بۇ ئازابنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ.

دوزاخ ئوتى بىلەن بۇ دۇنيانىڭ ئوتى ئارىسىدا قانداق پەرق بار؟ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتقان: *«سىلەرنىڭ بۇ ئوتۇڭلار دوزاخنىڭ ئوتىنىڭ يەتمىشتىن بىر قىسمىدۇر»*. دېمەك، جەھەننەمنىڭ ئوتى ئىنتايىن قاتتىق ۋە كۈچلۈك بولىدۇ.

ئاللاھ قۇرئاندا: ﴿*بىز بۇ دۇنيادىكى ئوتنى دوزاخنى ئەسلىتىپ تۇرىدىغان قىلدۇق*﴾ دېگەن. بۇرۇنلاردا بەزى تەقۋادار كىشىلەر ئوتنى كۆرسە، دوزاخ ئېسىگە چۈشۈپ، چىرايلىرى ئاقىرىپ كېتەتتى. قۇرئاندىكى دوزاخ ھەققىدىكى ئايەتلەر ئوقۇلسا، قورقۇپ يىغلايتتى.

www.munber.org



ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن دەسلەپكى ئىسلام دەرسلىكى

*دوزاختىكى كىشىلەر ئوتتا كۆيۈپ تۇرۇپمۇ، يەنە باشقا ئازابلار بىلەن ئازابلىنىدۇ.*

جەھەننەم پەرىشتىلىرى ئۇلارنىڭ يۈزلىرى ۋە بەدەنلىرىگە تۆمۈرلەر بىلەن ئۇرىدۇ. دوزىخىلارنىڭ سۆڭەكلىرى سۇنۇپ، پارچىلىنىپ كېتىدۇ. گۆشلىرى تىتىلىپ، ئېسىلىپ ياتىدۇ. ئىچلىرىدىن، ئېغىزلىرىدىن قان ـ يىرىڭلار ئاقىدۇ. پۇت ـ قوللىرى باغلاپ قويۇلغانلىقى ئۈچۈن ئوتتا يۈزلىرى، باشلىرى بىلەن دومىلاپ يۈرىدۇ. يۈزلىرى كۆمۈردەك قارىيىپ قالىدۇ. تېرىلىرى كۆيۈپ چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە يېڭى تېرىلەر پەيدا بولىدۇ. يەنە ئازاب، يەنە ئوت. ئۇلار ئوتتا كۆيۈپ، «سۇ، سۇ» دەپ يېلىنىدۇ. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئۈستىلىرىدىن قايناقسۇ قۇيۇلىدۇ. ئېغىزلىرىدىنمۇ قايناقسۇ قۇيۇلىدۇ. ئۇلار بۇ دۇنيادا بىگۇناھ ئادەملەرنى قىينىغان، ئۆلتۈرگەن، ھەرخىل گۇناھلارنى قىلغان، ئاللاھتىن قورقمىغان، رەھىمسىز كىشىلەر بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئازابلىنىدۇ.

دوزاخنىڭ ئاستىدىن ئۈستىگە قاراپ ئۆسۈپ چىققان يوغان تاش بولىدۇ. پەرىشتىلەر كاپىر ئادەمنىڭ يۈزىنى ئەنە شۇ تاشقا چاپلاپ، پەستىن يۇقىرىغا سۆرەپ چىقىشىدۇ. كېيىن ئۇنى تۆمۈرلەر بىلەن ئۇرۇپ، پەسكە

www.munber.org

غۇلىتىپ چۈشۈرىشىدۇ. پەسكە چۈشكەندىن كېيىن، ئۇنى يەنە يۇقىرىغا قاراپ سۆرىشىدۇ...

جەھەننەمنىڭ يوغان ئەجدىھا يىلانلىرى، پىلدەك كېلىدىغان يوغان چايانلىرى بولىدۇ. ئۇلارمۇ دۇنيادا ھارام ئىشلارنى قىلغان ئىنسانلارنى چېقىپ، ئازابلايدۇ. بەزى كاپىرلار دوزاخنىڭ ئىچىدىكى تار، چوڭقۇر بىر يەرگە تىقىپ قويۇلىدۇ. ئۇلار ھېچبىر قىمىرلىيالماستىن ئازابلىنىپ ياتىدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ قارنى يېرىلىپ، ئىچ - باغىرلىرى چىقىپ كېتىدۇ ۋە تاشقا يېپىشىپ قالىدۇ. ئۆزى شۇ تاشنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ بۇ دۇنيادا ئادەملەرگە ياخشى نەسىھەتلەرنى قىلغان، ئەمما ئۆزى ئەمەل قىلمىغان ئادەم بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئوقۇغان، بىلگەن نەرسىلىرىمىزگە ئەلۋەتتە ئەمەل قىلىشىمىز كېرەك.

يۇقىرىدا ئېيتىلغانلار دوزاخ ئازابلىرىنىڭ بىر قىسمى، خالاس. دوزىخىلار ئازابلارغا چىدىماستىن: «ئەي دوزاخ پاسىبانى، بىزنى بۇ يەردىن چىقىرىۋەت، ئەمدى قەتئىي گۇناھ قىلمايمىز»، دەپ يالۋۇرىدۇ. ئەمما دوزاخ پاسىبانلىرى ئۇلارغا: «بەتتەر بولۇڭلار، گەپ قىلماڭلار بىزگە! ئەگەر سىلەر بۇ يەردىن چىقساڭلار، ئىلگىرى قىلغان ئىشلىرىڭلارنى يەنە قىلىسىلەر!»، دەپ



www.munber.org



ئېيتىشىدۇ. دوزىخىلار دۇنيادا قىلغان گۇناھلىرىغا مىڭ - مىڭ پۇشايمان قىلىشىدۇ. بىھۇدە ئۆتكۈزگەن ئۆمۈرلىرىگە ئەپسۇسلىنىدۇ. ئەمما ئەپسۇسلىرى پايدا بەرمەيدۇ. ئاخىرى ئۇلار ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىدۇ. «كاشكى، ئۆلۈپلا بۇ ئۆلۈمدىن قۇتۇلساقچۇ!» دەيدۇ. ئەمما ئۇ يەردە ئۆلۈم بولمايدۇ. پەقەت ئازاب، ئازاب... چۈنكى ئۇلار دۇنيادا ناھايىتى كۆپ يامان ئىشلارنى قىلىشقاندە!

*جەھەننەمدىكىلەرگە زەرىئ دېگەن تاماق يېگۈزۈلىدۇ.*

ئۇ تىكەنگە ئوخشاش بولۇپ، تامغاققا چاپلىشىپ قالىدۇ. زەرىئ زەھەردىن ئاچچىق، ئەخلەتتىنمۇ سېسىق. يەنە ئۇ يەردە زەققۇم دېگەن دەرەخ بولىدۇ. ئۇ ئوتتا كۆيمەيدۇ، ئوت تەگكەنسىرى چوڭىيىدۇ، ئۆسۈپ كېتىۋېرىدۇ. ئۇنىڭ مېۋىسىمۇ دوزاخ ئەھلىنىڭ تامىقىدۇر. ئەگەر زەققۇم دەرىخى مېۋىسىنىڭ بىر تامچىسى بۇ دۇنياغا چۈشسە، دۇنيادىكى ھەممە سۇلار، يېمەكلىكلەر، مېۋىلەر شۇ زامات سېسىپ كېتىدۇ. دوزاختىكىلەرگە يەنە غىسلىين دېگەن تاماق بېرىلىدۇ. ئۇ دوزىخىلەرنىڭ بەدەنلىرىدىن ۋە ئېغىزلىرىدىن ئاقىدىغان قان، يىرىڭلاردىن ئىبارەت.

*دوزىخىلارغا ئىچۈرۈلىدىغان ئىچىملىكلەر تۆت خىلدۇر:*



www.munber.org

ھەمىم، غەسساق، سەدىيد، مۇھل. ھەمىم ـ بۇ قايناقسۇ. دوزاختا ئۇندىن قايناق نەرسە بولمايدۇ. غەسساق ـ كاپىرلارنىڭ گۆشى ۋە تېرىسىدىن ئاقىدىغان يىرىڭ. سەدىيد بولسا قان ۋە يىرىڭدىن ئىبارەت. مۇھل ـ قايناپ تۇرغان ياغ. دوزاختىكى كىشلەرگە ئەنە شۇلارنى ئىچىش بۇيرۇلىدۇ. دوزىخى ئادەم سەدىيدنى ئىغىزىغا ئىلىپ بارسا، ئاغزى ۋە يۈزى كۆيۈپ كېتىدۇ. ئىچسە ئىچ ـ باغىرلىرى ئۈزۈلۈپ، قىرقىلىپ، ئارقىسىدىن چىقىپ كېتىدۇ. كىمكى بۇ دۇنيادا ھاراق ئىچىدىغان بولسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا دوزاخ ئەھلىنىڭ يىرىڭلىرىنى ئىچۈرىدۇ. ئاللاھ بىزنى ھەممە گۇناھلاردىن ۋە ئازابلاردىن ئۆزى ساقلىسۇن.

*دوزىخىلارنىڭ كۆرۈنۈشلىرىمۇ دەھشەتلىك ۋە قورقۇنچلۇق بولىدۇ.*

يۈزلىرى كۆيۈپ، يۇقىرى لەۋلىرى تارتىلىپ باشلىرىغىچە چىقىپ قالىدۇ. پەستكى لەۋلىرى ئىسىلىپ كىندىكلىرىگىچە چۈشىدۇ. چىشلىرى پەنجىرىدەك ئىچىلىپ، ھىڭگىيىپ قالغان بولىدۇ. بەزىلىرىنىڭ كۆرۈنۈشى چوچقىغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئەگەر بىر دوزىخى ئادەمنى بۇ دۇنياغا كەلتۈرۈپ قويسا، ئادەملەر ئۇنى

www.munber.org



ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن دەسلەپكى ئىسلام دەرسلىرى

كۆرۈپ قورقۇپ كېتىپ ۋە سېسىقلىقىغا چىدىيالماي ئۆلۈپ قالىدۇ.

*بالىلار، دوزاخقا قانداق ئادەملەر چۈشىدۇ، ئاڭلىغانمۇسىلەر؟*

دوزاخقا چۈشىدىغانلار مانا بۇلاردۇر:

**1**. ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا ئىمان كەلتۈرمىگەن كاپىرلار، ئۆزىنى يالغاندىن مۇسۇلمان كۆرسىتىپ، ئىسلامغا، مۇسۇلمانلارغا زىيان يەتكۈزۈپ يۈرگەن مۇناپىقلار، دىنىنىڭ راۋاجىغا توسقۇنلۇق قىلغان پاسىقلار؛

**2**. «مۇسۇلمانمەن» دەپ تۇرۇپ، ناماز ئوقۇمىغان، ئاللاھ ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئېيتقانلىرىنى تولۇق بىجىرمىگەن ياكى ئىسلامغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەن كىشلەر؛

**3**. خەلققە زۇلۇم قىلغان پادىشاھ ۋە ئەمەلدارلار، ئادەملەرنى قورقۇتقان، ناھەق پۇللىرىنى ئىلىۋالغان، قىيىنىغان، قاماققا سالغانلار؛

**4**. ئادەم ئۆلتۈرگەنلەر، ئۆزىنى ھەممىدىن ياخشى دەپ بىلگەن، كىبىرلىك كىشىلەر، ماختانچاق ـ رىياكارلار، قوپال، جاھىل ئادەملەر، ئۇيات ئىشلارنى قىلغان ئەخلاقسىزلار، غەيۋەتچى ـ چېقىمچىلار، ھەسەتخورلار، پىتنىچىلەر، ئالدامچىلار، پالچىلار،

www.munber.org

ئوغرىلار، هاراقكەشلەر، قىمارۋازلار، هارامدىن پۇل تاپقانلار، ئاتا ـ ئانىسىنى، قېرىنداشلىرىنى، دوستلىرىنى نارازى قىلغانلار؛

### *دوزاخقا مۇسۇلمان كىشىمۇ چۈشەمدۇ؟*

دوزاخ ئەسلىدە كاپىرلار ئۈچۈن يارىتىلغان. بىراق مۇسۇلمان ئادەممۇ ئەگەر بۇ دۇنيادا گۇناھ قىلسا ۋە تەۋبە قىلماستىن ئۆلسە، دوزاخقا كىرىدۇ. ئۇ گۇناھىغا چۇشلۇق جەھەننەمدە كۆيىدۇ. گۇناھلىرى تۈگىگەندىن كېيىن، ئىمانى تۈپەيلى دوزاختىن چىقىپ جەننەتكە كىرىدۇ. دوزاختىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بەزىلىرىنى ئاللاھنىڭ رۇخستى بىلەن پەيغەمبىرىمىز شاپائەت قىلىدۇ، يەنى دوزاختىن ئېلىپ چىقىدۇ. هاياتىدا ساۋابلىق ئەمەللەرنى كۆپ قىلغان ياخشى مۇسۇلمانلارمۇ ئاللاھتىن رۇخسەت سوراپ، ئۆزلىرى تونۇغان بەزى مۇئمىنلەرنى دوزاختىن چىقىرىۋالىدۇ. ئەگەر ئىنسان بۇ دۇنيادا ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرمىگەن ۋە ئىبادەت قىلمىغان بولسا، ئۇنى دوزاختىن هېچكىم قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ. كاپىر ۋە مۇناپىقلار دوزاختا ئەبەدىي قېلىپ قالىدۇ.

بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىز قۇرەيش قەبىلىسىنى يىغىپ، ئۇلارغا دوزاخ هەققىدە گەپ قىلدى. دوزاختىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن هەركىم ئۆزى هەرىكەت قىلىشى كېرەكلىكىنى

www.munber.org





ئېيتتى. كېيىن ئۆزىنىڭ قىزلىرىغا قاراپ: ***«ھەي مۇھەممەدنىڭ قىزى فاتىمە!»*** دېدى. ***«سەنمۇ ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ دوزاختىن قۇتقازغىن، چۈنكى مەن سىلەرگە ئاللاھنىڭ ئالدىدا هېچنېمە قىلىپ بېرەلمەيمەن»***. ئەنە كۆردۈڭلارمۇ؟ هەتتا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەممۇ ئۆز قىزلىرىنى ئەگەر ئاللاھنىڭ ئېيتقىنىنى قىلمىسا، دوزاختىن ساقلاپ قالالمايدىكەن. دېمەك، هەربىر ئىنسان دوزاخقا چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۆزى هەرىكەت قىلىپ، ئىسلام دىنىغا تولۇق ئەمەل قىلىشى كېرەك. كۆڭلى ساپ، ئەدەبلىك ۋە خۇش مۇئامىلە بولۇشى لازىم. پات ـ پات سەدىقە قىلىپ تۇرۇشى، ئاللاھقا دۇئا قىلىپ، دوزاختىن ساقلاشنى تىلەپ تۇرۇشى زۆرۈر.

**15 ـ قائىدە: ئاللاھ ئۆزىگە ئىتائەت قىلمىغان بەندىلەر ئۈچۈن جەھەننەمنى ياراتقان. ئۇ ناهايىتىمۇ يامان جاي. كاپىرلار، مۇناپىقلار شۈبهىسىز دوزاخقا چۈشىدۇ ۋە ئۇ يەردىن قايتىپ چىقالمايدۇ. گۇناھكار مۇسۇلمانلارمۇ دوزاخقا كىرىدۇ. ئۇلار گۇناھلىرىغا چۇشلۇق ئازابلىنىپ، كېيىن دوزاختىن چىقىدۇ ۋە جەننەتكە كىرىدۇ. ئاللاھ بىزنى گۇناھ ئىشلاردىن يىراق قىلسۇن. پەقەت ياخشى**

www.munber.org

**ئەمەللەرنى قىلىپ جەننەتكە كىرىشىمىزگە نېسىپ قىلسۇن، ئامىن!**

سوئاللار:

1. قىيامەت كۈنى دوزاخ قانداق ئېلىپ كېلىنىدۇ؟ يارىماس ئادەملەر قانداق قىلىپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ؟

2. جەھەننەم ئوتى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز؟ جەھەننەمدە يەنە قانداق ئازابلار بولىدۇ؟

3. دوزىخىلارنىڭ يېمەكلىكلىرى ۋە ئىچىملىكلىرى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

4. دوزاخقا قانداق ئادەملەرنىڭ چۈشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

5. دوزاخقا چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن نېمە قىلىش كېرەك؟

www.munber.org



ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن دەسلەپكى ئىسلام دەرسلىرى

## ئون ئالتىنچى دەرس

## جەننەت قانداق جاي؟

ئاھ، جەننەت! جەننەت! باللار، بىلەمسىلەر، جەننەت قانداق جاي؟ ئەگەر مەن ھازىر جەننەت ھەققىدە گەپ باشلىسام، گېپىم ھېچ تۈگىمەيدۇ. ئەمما مەيلى، كېلىڭلار، سىلەرگە ئازغىنە گەپ قىلىپ بېرەي. قالغىنىنى چوڭ كىتابلارنى ئوقۇغاندا ئۆزۈڭلار بىلىپ قالىسىلەر.

سىلەرگە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن جەننەتنى قايسى باغقا، قايسى گۈزەل شەھەرگە ئوخشاتسام بولار؟!... ياق، ئۇنى ھېچنەرسىگە ئوخشىتالمايمەن. چۈنكى بۇ دۇنيادا جەننەتكە ئوخشايدىغان ھېچبىر جاي يوقتە! ئۇ شۇنداق چىرايلىقكى، سۆز بىلەن تەرىپلەپ بولمايدۇ. ئۇ يەرنى پەقەت بېرىپ كۆرۈش كېرەك! ئەنە شۇچاغدا بىلىسىز جەننەتنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى! *«جەننەتتە كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئىشتمىگەن، ئادەمنىڭ خىيالىدىن ئۆتمىگەن نەرسىلەر بار»* دېگەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم.

www.munber.org

جەننەت هازىر بارمۇ؟ هەئە، جەننەت هازىر بار! ئۇ يەتتە قەۋەت ئاسماننىڭ ئۈستىدە، ئاللاھ ئەرشىنىڭ ئاستىدا. ئۇ ناهايىتى چىرايلىق باغلاردىن، شارقىراپ ئېقىۋاتقان دەريالاردىن، ئاجايىپ شەھەر ۋە مەملىكەتلەردىن، سايە ـ سالقىن ئارامگاهلاردىن ئىبارەت. جەننەتكە كىرگەن ئادەم بۇ دۇنيانى ئۇنتۇپ قالاي دەيدۇ. قەتئى قايتىپ چىققۇسى كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ چوڭلۇقى قانچىلىك، ئېيتايمۇ؟ يەتتە قەۋەت ئاسمان بىلەن يەرنىڭ هەممىسى قوشۇلسىمۇ، جەننەتكە تەڭ بولالمايدۇ. جەننەت ئەنە شۇنداق چوڭ! ئۇنىڭ خۇشبۇي هىدى **100** يىللىق يولدىن كېلىپ تۇرىدۇ. جەننەت قەۋەت ـ قەۋەت قىلىپ يارىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى فىردەۋس جەننىتى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ دۇنيا يوقۇلۇپ كېتىدۇ، ئەمما جەننەت مەڭگۈ يوقالمايدۇ.

جەننەتنىڭ سەككىز دارۋازىسى بار. ئۇلار شۇنداق چوڭكى، بۇ چېتى بىلەن ئۇ چېتىنىڭ ئارىسى **40** يىللىق يول. جەننەت دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا بىرىنچى بولۇپ مۇهەممەد سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم كېلىدۇ. جەننەت ئۇ كىشىگە ئېچىلىدۇ. جەننەتكە ئەڭ ئاۋۋال شۇ زات كىرىدۇ. كېيىن ئۇ كىشىنىڭ ئۈممەتلىرى ـ بىز مۇسۇلمانلار كىرىمىز. ئاندىن كېيىن باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرى كىرىشىدۇ. دىن يولىدا



www.munber.org



هالاك بولغان شېهىتلەر، ئىلمىگە ئەمەل قىلغان ئالىملار، كەمبەغەللەرنى ياخشى كۆرىدىغان بايلار ۋە سېخىيلار جەننەتكە بىرىنچىلار قاتارىدا كىرىدۇ. جەننەت ئەهلىنىڭ ئەڭ كۆپى كەمبەغەللەر ۋە كۆپ زۇلۇم تارتقان كىشىلەر بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دۇئاسىنى ئالغان ئادەملەر، ئېرىنى رازى قىلغان ئاياللار، خۇشمۇئامىلە كىشىلەرمۇ جەننەتكە تېز كىرىدۇ.

جەننەتنىڭ **100** دەرىجىسى بار. ئىنسانلار بۇ دۇنيادا قانچىلىك چىرايلىق ۋە كۆپ ئەمەل قىلغانلىرىغا قاراپ جەننەتتىن تۈرلۈك خىل دەرىجىدە ئورۇن ئالىدۇ.

جەننەتنىڭ هاۋاسى ئىنتايىن يېقىملىق. ئۇ سوغۇقمۇ ئەمەس، ئىسسىقمۇ ئەمەس. دائىم خۇددى باهاردەك بولۇپ تۇرىدۇ. ئەتىگەن كۈن چىقىش ئالدىدا بولىدىغان نەهار ۋاقتى بارغۇ؟! جەننەتتە ئەنە شۇنداق ساپ ۋە پاكىزە هالەت بولىدۇ. ئۇ يەردە قۇياش بولمايدۇ، ئەمما ئاللاهنىڭ نۇرى بىلەن هەممە ياق يۇپيۇرۇق بولۇپ تۇرىدۇ.

جەننەتنىڭ مېۋىلىرىگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ نەچچە مىڭ خىل ئىكەنلىكىنى ئاللاهتىن باشقا هېچكىم بىلمەيدۇ. ئۇلار هازىر مەي باغلاپ پىشىپ، جەننەتى ئادەملەرنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئۇلار هېچقاچان بۇزۇلمايدۇ، سېسىمايدۇ. تىك تۇرۇپ ئۈزىمەن دېسىڭىزمۇ، ئولتۇرغان



www.munber.org

يېرىڭىزدە ئۈزىمەن دېسىڭىزمۇ، يانپاشلاپ يېتىپ ئۈزىمەن دېسىڭىزمۇ جەننەت مېۋىلىرى سىزنىڭ ئالدىڭىزغا كېلىپ تۇرىدۇ. بىرسىنى ئۈزسىڭىز ئۇنىڭ ئورنىغا دەرھال ئىككى مېۋە پەيدا بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. ئۇلار شۇقەدەر شېرىنكى، مەززىسى ئاغزىڭىزدىن ھېچ كەتمەيدۇ.

ئەگەر گۆش يېگۈڭىز كېلىپ قالسا، ئالدىڭىزغا تۈرلۈك قۇشلار ئۇچۇپ كېلىشىدۇ ۋە تىلغا كىرىپ، سىزگە ئۆزلىرىنى تونۇشتۇرۇشقا باشلايدۇ: «مەن پالانى قۇش، پالانى نەرسىدىن يەپ چوڭ بولغان، گۆشۇم شۇنداق شىرىن، مېنى يەڭ!» دەيدۇ بىرسى. «مەن پالان، پالان گۈللەرنى يەپ ئۆسكەن، مېنىڭ گۆشۇم ئىنتايىن شېرىن، مېنى يەڭ!» دەيدۇ باشقىسى. سىز قايسى بىرىنى تاللىسىڭىز، ئۇ شۇ زامات پىشىپ، تىللا لىگەندە ئالدىڭىزغا كېلىدۇ. يەپ بولۇشىڭىز بىلەن ئۇ يەنە تىرىلىپ، ئۇچۇپ كېتىۋېرىدۇ.

جەننەت بىر ئادەمگە مىڭ خىزمەتچى بولىدۇ. ئۇلار ھەرخىل تائام ئېلىپ كېلىشكەندە 70 خىل تىللا لىگەندە تۈرلۈك تائاملار، سان - ساناقسىز قەدەھلەردە ئىچىملىكلەر كەلتۈرۈشىدۇ. تاللىغان تائامىڭىزدىن خالىغىنىڭىزچە يەۋېرىسىز. خالىغان ئىچىملىكلەردىن ئىچىۋېرىسىز. قورسىقىڭىز تويۇپ كەتمەيدۇ. تائامدىن



www.munber.org



كېيىن ھاجەت قىلىش، ئىزىلىش بولمايدۇ. يېگەن تائامىڭىز يەڭگىل تەرگە ئايلىنىپ، ئۆزى چىقىپ كىتىۋېرىدۇ. تېنىڭىزدىن چىققان تەردىن ئاجايىپ ئەتىرنىڭ ھىدى كېلىدۇ. جەننەتتە بۇرۇن قېقىش، تۈكۈرۈش، يۆتىلىش، شامالداش، كېسەل بولۇش يوق. ئاللاھ ئۇ يەردە ھەممە ئادەملەرگە يېگەندىن تەن پەيدا قىلىپ بېرىدۇ. بەدىنىڭىزدە قان، يىرىڭ، بەلغەم بولمايدۇ. نەپەس ئېلىپ، نەپەس چىقىرىۋاتقان ئاغزىڭىزدىن ئۆز- ئۆزىدىن ھەمدۇسانا ۋە تەسبىھ چىقىۋېرىدۇ. جەننەتتە ھەربىر ئىنسانغا تائام يېيىش، ئىچىش ۋە باشقا ئىشلار ئۈچۈن 100 ئادەمنىڭ كۈچى بېرىپ قويۇلىدۇ. بۇنداق ياخشىلىقلار بۇ دۇنيادا ھارام نەرسىلەر يېمىگەن، ھارام ئىشلارنى قىلمىغان، ئاللاھۇ رەسۇلىنىڭ ئېيتقانلىرىنى قىلىپ ئۆتكەن، نەپسىنى تۇتقان ئىنسانلار ئۈچۈن تەييارلاپ قويۇلغان. جەننەتكە كىرىشتە كەمپىرلەر (قېرى ئاياللار) ياش قىزلارغا ئايلىنىدۇ. بوۋايلار يىگىت بولىدۇ. ساقاللىرى بولمايدۇ. جەننەتتە ھەممە ئادەملەر بىرخىلدا 33 ياشتا بولىدۇ. قەتئى قېرىمايدۇ، ئۆلمەيدۇ. دائىم ياش ۋە چىرايلىق ھالەتتە يۈرۈۋېرىدۇ. جەننەتتە بىر بازار بولىدۇ. ئۇ يەردە ھېچنېمە سېتىلمايدۇ. ئەمما ھەرخىل چىرايلىق ئادەملەرنىڭ سۈرەتلىرى بولىدۇ. ئاشۇ يەرگە بېرىپ قايسى سۈرەت



www.munber.org

سىزگە ياقسا، ئاشۇنى تاللايسىز. سىز ئاشۇ سۈرەتتىكى چىرايلىق ئادەمگە ئايلىنىسىز. شۇنداق قىلىپ، ھەممە ئۆزى خالىغانچە چىرايلىق بولۇپ قالىدۇ.

جەننەتتە بىر دېڭىزدا سۇ، بىر دېڭىزدا سۈت، يەنە بىر دېڭىزدا ھەسەل، باشقا دېڭىزدا باشقا ئىچىملىكلەر بولىدۇ. ئەنە ئاشۇ دېڭىزلاردىن دەريالار ئېقىپ تۇرىدۇ. دەريالار ئۆيلەرنىڭ ئاستىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. ئەمما ھېچكىمگە زىيان يەتكۈزمەيدۇ. ئادەملەر ئۆيلىرىدە تۇرۇپ، تاماشا قىلىپ ئولتۇرىدۇ. ئۇ يەردە يەنە بىر دەريا بار، ئۇ دەريانىڭ لېۋىدە چىرايلىق قىزلار بولىدۇ. ئۇلار ئىنتايىن چىرايلىق ئاۋاز بىلەن ناخشا ئېيتىشىدۇ. ئادەملەر كېلىپ ئۇلارنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلايدۇ. بۇنداق ئاۋازنى دۇنيادا ھېچكىم ئىشىتمىگەن. ئاشۇ قىزلاردىن قايسى بىرى كىمگە يېقىپ قالسا، ئاللاھ ئۇنى ئاشۇ ئادەمگە ھەدىيە قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا ئاللاھ شۇزامات يەنە باشقىسىنى يارىتىپ قويىدۇ. ئاللاھ ھەربىر كىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلسۇن، دەپ جەننەت **72** قىز سوۋغا قىلىدۇ. ئۇلارنى ئىككىسى بۇ دۇنيادىكى قىز ئاياللاردىن، **70**ى جەننەت ھۆرلىرىدىن بولىدۇ. جەننەتتە خوتۇن ـ قىزلارمۇ مۇئمىن ـ مۇسۇلمانلاردىن ئۆزلىرى خالىغان كىشىلىرى بىلەن بىرگە بولىدۇ. ئۇلارغىمۇ ئاللاھ ئىنتايىن كۆپ ياخشىلىقلارنى تەييارلاپ قويغان.

www.munber.org





جەننەتتە بىر دەرەخ بار، ئەگەر ئۇنىڭ تىگىدە ئات بىلەن **100** يىل چاپسىڭىزمۇ سايىسى تۈگىمەيدۇ. جەننەتتە قاناتلىق ئۇچار ئاتلار بولىدۇ. ئۇنىڭغا مىنسىڭىز سىزنى ئۇچۇرۇپ كېتىدۇ. ئەمما يېقىتىۋەتمەيدۇ. ئېلىپ قېچىپ كەتمەيدۇ. قەيەرگە دېسىڭىز، «خوش» دەپ ئېلىپ بارىدۇ. سىزنى تاماشا قىلدۇرۇپ يۈرىدۇ.

بۇ دۇنيادا ياخشى ئەمەللەرنى ئاز قىلغان، جەننەتكە ھەممىدىن كېيىن كىرىپ، ئەڭ ئاز مۇكاپات ئالىدىغان ئادەمنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇ ئادەمگە جەننەت بېرىلىدىغان باغلار، گۈلزارلار، شەھەر ۋە مەملىكەتلەر ھازىر بىز ياشاپ تۇرغان دۇنيا بىلەن باراۋەر بولىدۇ. كېيىن ئۇنىڭغا شۇ دۇنيادىن يەنە **10**ى بېرىلىدۇ. ئەنە كۆردىڭىزمۇ؟ جەننەتتىكى ئەڭ ئاز مۇكاپات شۇنچىلىك بولسا، ئەمدى ياخشى ئەمەللەرنى تازا كۆپ قىلغان ئادەمگە بېرىلىدىغان مۇكاپاتنى قانداق تەسەۋۋۇر قىلىپ بولسۇن؟

جەننەتنىڭ شەھەر ۋە كوچىلىرى، ساراي ۋە قەسىرلىرى، ھويلا ۋە ئۆيلىرى ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن، ياقۇت ۋە زەبەرجەدتىن، مەرۋايىت ۋە زۇمرەتتىندۇر. يېرىدە توپا ـ چاڭ ۋە كىرلار يوق. تۇپرىقى يېقىملىق ھىد تارقىتىدىغان زەفىراندۇر.

www.munber.org

ئىشقىلىپ، ئادەملەرگە نېمە ياقىدىغان بولسا، ھەممىسى جەننەتتە ھازىر قىلىنغان. ئۇلارغا نېمە ياقمايدىغان بولسا، ھەممىسى دوزاخقا ئېلىپ كىرىپ قويۇلغان.

جەننەتتىكى ئەڭ چوڭ نېمەت ۋە مۇكاپات شۇكى، ھەممە مۇئمىنلەر ئاللاھنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن يۈزمۇ - يۈز تۇرۇپ سالاملىشىدۇ، گەپلىشىدۇ. بۇ ئەڭ ئۇلۇغ بەختتۇر. دېمەك، بىز جەننەتتە ئاللاھنى ۋە پەيغەمبىرىمىزنى كۆرىمىز. شۇنداقلا، ئۆتۈپ كەتكەن مۇئمىن ئاتا - بوۋىلىرىمىز، ئانا - موملىرىمىزنىمۇ ئىنشائاللاھ جەننەتتە تاپىمىز. ئۇ يەردە ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرگەن ئادەملىرى، دوستلىرى بىلەن بىللە بىرگە ياشايدۇ. ئەمما جەننەتكە يېتىش ئۈچۈن ئىنسان بۇ دۇنيادا ھەق يولدا بولۇشى، قىيىنچىلىق ۋە سىناقلارغا چىدايلىق سەۋر قىلالىشى كېرەك.

دەيمەن دىسەم، گەپ جىق. ئەمما ۋاقىت كەم. باللار، ياخشىسى ئۆزەڭلار تىزراق كىتاب ئوقۇيدىغان بولۇڭلار. شۇ چاغدا يەنە كۆپلىگەن نەرسىلەرنى بىلىۋالىسىلەر. ئەڭ زۆرۈرى، سىلەر جەننەتكە كىرىدىغان ياخشى باللار ۋە ياخشى قىزلاردىن بولۇڭلار. ئىلىملىك،



www.munber.org



ئەدەبلىك، ئىبادەتلىك، تەقۋادار، مېھنەتسۆيەر، سەۋرلىك ۋە قورقماس كىشىلەردىن بولۇپ ئۆسۈڭلار، بولامدۇ؟

**16 ـ قائىدە: بىز ياشاۋاتقان دۇنيا قىيامەت كۈنى يوق بولۇپ كېتىدۇ. شۇندىن كېيىن ئاللاھ مۇئمىنلەرنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. جەننەت بۇ دۇنيادا ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈپ، ئىبادەت قىلغان، پاكىزە ھايات كەچۈرگەن، سەۋرلىك، غەيرەتلىك ۋە جەسۇر مۇئمىنلەر ئۈچۈن تەييارلاپ قويۇلغان. مۇسۇلمانلار جەننەتتە ئەبەدىي راھەتتە ياشايدۇ.**

سوئاللار:

1. پەيغەمبىرىمىز جەننەتنى قانداق تەرىپلىگەن؟ جەننەت ھازىر قەيەردە؟

2. جەننەتكە ئەڭ ئاۋۋال كىملەر كىرىدۇ؟

3. جەننەت ھەققىدە نىملەرنى بىلىسىز؟

4. جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن نېملەرنى قىلىش كېرەك؟



www.munber.org

## ئون يەتتىنچى دەرس

## مۇسۇلمان بالا قانداق بولىدۇ؟

ھۆرمەتلىك باللار، بىز سىلەر بىلەن كۆپ نەرسىلەرنى ئوقۇپ ئۆگەندۇق، بىلمىگەنلىرىمىزنى بىلىۋالدۇق. ئەمدى بۈگۈن ئاخىرقى دەرسىمىزدە ياخشى بالا ۋە ياخشى قىزنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە سۆھبەت قىلىمىز. مۇسۇلمان بالا دائىم ئەمەل قىلىپ تۇرىدىغان قائىدىلەرنى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپ ئۆگىنىمىز.

### بىرىنچى قىسىم

1 ـ مۇسۇلمان بالا ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا ئىمان كەلتۈرگەن بولىدۇ. ھەممىدىن بەك ئۇ ئىككەيلەننى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار بۇيرىغان ئەمەللەرنى ئىخلاس بىلەن تولۇق بىجىرىدۇ، ساۋابىنى ھەركۈنى كۆپەيتىپ تۇرىدۇ. ئىبادەت ۋاقتى بولغاندا ھورۇنلۇق قىلمايدۇ. ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇلغاندا بويۇن تولغىمايدۇ. ئاللاھنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئازابىدىن قورقۇپ تۇرىدۇ. گۇناھلىرىغا تەۋبە

www.munber.org





قىلىدۇ، ئىسلام توسقان ئىشلارنى قەتئىي قىلمايدۇ. ئاللاھتىن ئۆزىنى، ئاتا ـ ئانىسىنى، قېرىنداشلىرىنى، ئۇستازلىرىنى ۋە بۇرادەرلىرىنى دوزاختىن ساقلاشنى، جەننەتكە كىرگۈزۈشنى سوراپ تۇرىدۇ.

2 ـ مۇسۇلمان بالا ياخشى بالىدۇر. ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلارنى دائىم خۇرسەن قىلىشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. مۇبادا بىلمەستىن خاپا قىلىپ قويسا، دەررۇ كەچۈرۈم سورايدۇ. ئىشقا بۇيرىسا «خوپ، بولىدۇ» دەپ بىجىرىدۇ. ئۇلارنىڭ دۇئالىرىنى ئالىدۇ. بىرەر ئىش قىلىۋاتقان بولسا، قارىشىپ بېرىدۇ. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىلىرىدا ئەدەب بىلەن تۇرىدۇ.

3 ـ مۇسۇلمان بالىنىڭ بەدىنى ۋە يۈز ـ قوللىرى پاكىزە، كىيىملىرى ئازادە بولىدۇ. ئۇ تىرناقلىرىنى، چاچلىرىنى كۆپ ئۆستۈرۋەتمەيدۇ. ھۇجرىلىرىنى، ئۆزىنىڭ كۆرپە ـ ياستۇقلىرىنى پاكىزە ساقلايدۇ. يەشكەن كىيىملىرىنى چىرايلىق قىلىپ تەقلەپ قويىدۇ. كىتاب ـ دەپتەرلىرىنى كىر قىلمايدۇ. ئۆيدىكى ئىشلارنى ئۆزى بىلىپ قىلىۋېرىدۇ.

4 ـ ئۇ ئاكا ـ ئۇكىلىرى، ئاچا ـ سىڭىللىرىنى ھۆرمەت قىلىدۇ. قېرىنداشلىرىنى كۆرۈپ (يوقلاپ) تۇرىدۇ. چۈنكى ئاللاھ قېرىنداشلار بىلەن ياخشى ئالاقىدە بولۇشقا

www.munber.org

بۇيرىغان. يېقىنلىرىدىن يىراقلىشىپ كەتكەن ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ.

5 ـ مۇسۇلمان بالا ھەرۋاقىت ئىلىم ئالىدۇ. ھەركۈنى كىتاب ئوقۇيدۇ، دەرس ئالىدۇ. قۇرئان سۈرىلىرىنى، زىكىر ـ دۇئالىرىنى يادلايدۇ. ئىلاجىنىڭ بارىچە تىلشۇنزورنى ئاز كۆرىدۇ. ئۇ مەكتەپ دەرسلىرىنى ياخشى ئۆزلەشتۈرىدۇ. ئىسلامى ۋە دۇنياۋى ئۇستازلىرىنى قاتتىق ھۆرمەت قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ بىلگەنلىرىنى باشقىلارغا ئۆگىتىدۇ.

6 ـ مەلۇمكى، ھەربىر ئىشنىڭ ئۆز ئەدەب ـ قائىدىسى بار. مۇسۇلمان بالا ئەنە شۇ ئەدەبلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىدۇ. يۈرۈش ـ تۇرۇش، مېھمان كۈتۈش، باشقىلار ئالدىدا ئۆزىنى تۇتۇش، ئادەملەر بىلەن گەپلىشىش، ئولتۇرۇش، تاماق يېيىش، ئۇخلاش، ۋاھاكازا ئىشلاردا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆرسەتكەن سۈننەتلەرنى ئۆگىنىپ ئۇلارغا ئەمەل قىلىدۇ.

7 ـ مۇسۇلمان بالا شىرىن سۆزلۈك بولىدۇ. ئۇ ئۇستازىدىن، كىتابلاردىن ۋە ئەدەبلىك ئادەملەردىن چىرايلىق سۆزلەرنى سۆزلەشنى ئۆگىنىدۇ. ئۇكىلىرغا، ئۆزىدىن كىچىكلەرگە مۇلايىم، سىلىق سۆزلەرنى قىلىدۇ.



www.munber.org



8 ـ مۇسۇلمان بالا قولۇم ـ قوشنىلارنى ھۆرمەت قىلىدۇ. ھەممىگە بىرىنچى بولۇپ سالام بېرىدۇ. كېسەللەر ۋە يوقسۇللاردىن ھال ـ ئەھۋال سورايدۇ. ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ. باشقىلارنىڭ ئىلتىماسلىرىنى ئۆزىنىڭ ئىشىدىن ئاۋۋال بېجىرىشكە ھەرىكەت قىلىدۇ.

9 ـ مۇسۇلمان بالا ئىسراپخورلۇقتىن ساقلىنىدۇ. تاھارەتتە ۋە باشقا ئىشلاردا سۇنى ئاز ـ ئازدىن ئىشلىتىدۇ. كېرەك بولمايۋاتقان چىراقلارنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. دەپتەرلىرىنى تولغۇزماي تاشلاپ قويمايدۇ.

## ئىككىنچى قىسىم

10 ـ مۇسۇلمان بالا ئۇيات ئىشلارنى قىلمايدۇ. ئۇيات (ئەۋرەت) يەرلىرىنى ھېچكىمگە كۆرسەتمەيدۇ. باشقىلارنىڭمۇ ئەۋرىتىگە قارىمايدۇ. يامان سۈرەتلەر ۋە يامان كىنولارنى كۆرمەيدۇ. يامان بالىلار بىلەن ئوينىمايدۇ. بىرەر دوستى گۇناھ ئىش قىلىۋاتقان بولسا (تاماكا چېكىش، قىمار ئويناش، ئۇرۇشۇش، سوقۇشۇش دېگەندەك)، ئۇنى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن قايتۇرىدۇ، ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىشقا قىزىقتۇرىدۇ.



www.munber.org

11 ـ ئۇ ھايۋانلار ۋە قۇشلارغا، جانۋارلارغا شەپقەتلىك بولىدۇ. ئۇلارنى بىكاردىن بىكارغا ئۆلتۈرمەيدۇ. ئۇرۇپ قىينىمايدۇ. دەرەخلەرنى سۇندۇرمايدۇ. گۈللەر ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى يۇلۇپ تاشلىۋەتمەيدۇ. ئۇلارنى پەرۋىش قىلىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىشىدۇ.

12 ـ ياخشى بالا بىراۋنىڭ ھەققىدىن ئېھتىيات قىلىدۇ. ھېچكىمنىڭ نەرسىسىنى سورىماستىن ئالمايدۇ. باشقىلارنىڭ مېلىنى رۇخسەتسىز ئېلىش ـ ھارام. ئۆزىنىڭ نەرسىسى ئاز بولسىمۇ، ياخشى بالا شۇنىڭغا قانائەت قىلىدۇ. ئادەملەردىن نەرسە سورىماسلىققا ھەرىكەت قىلىدۇ.

13 ـ مۇسۇلمان بالا سېخى بولىدۇ. ئاللاھ بەرگەن نېمەتلەردىن باشقىلارغىمۇ بېرىدۇ. ھەدىيە، ئېھسان، سەدىقە قىلىپ تۇرۇشنى ئادەت قىلىدۇ. بېخىللىق قىلمايدۇ. نەفسى بۇزۇق، ئاچكۆز بولمايدۇ. ئەڭ ياخشى نەرسىلەرنىڭ ئۆزىگە بولۇشىنى خالايدىغان شەخسىيەتچىمۇ بولمايدۇ.

14 ـ ئۇ ئۆزىگە ئازغىنا ياخشىلىق قىلغان ئادەمگىمۇ رەھمەت ئېيتىدۇ. ياخشىلىقنى ئۇنۇتمايدۇ ۋە ئۇنى چوڭراق قىلىپ قايتۇرۇشقا ئىنتىلىدۇ. ئەمما ئۆزى



www.munber.org



كىمگىدۇر ياخشىلىق قىلغان بولسا، ئۇندىن رەھمەت كۈتۈپ يۈرمەيدۇ. بۇ ئىشى ئۈچۈن ساۋاب بېرىشنى ئاللاھتىن سورايدۇ.

15 ـ ئۇ ھېچكىمگە ھەسەت قىلمايدۇ. بىرەر بالىنىڭ ئىلمى ياكى نەرسىلىرى ئۆزىنىڭكىدىن كۆپرەك، چىرايلىقراق بولسا، ئۇنىڭغا كۆز قىزارتمايدۇ، بەلكى ھەۋەس قىلىدۇ. ئاللاھتىن ئۆزىگىمۇ ئاشۇنداق نەرسىلەرنى بېرىشنى سورايدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا نېمىنىدۇر بەرمىگەن بولسا، خاپا بولمايدۇ. بارىغا شۈكۈر قىلىپ يۈرىدۇ. بۇ چاغدا ئاللاھ ئۇنىڭغىمۇ ئۆز نېئمەتلىرىدىن تېخىمۇ كۆپ بېرىدۇ.

16 ـ ياخشى بالا بىرەر ئادەمنىڭ ياخشى ئىش قىلىۋاتقىنىنى كۆرسە، دەررۇ ئۇنىڭ ئەيىبىنى تېپىشقا ھەرىكەت قىلمايدۇ. ئەكسىنچە، شۇ ياخشى ئىشتىن ئۆزىگە پايدا بولمىسىمۇ، ئۇنى ماختاپ، دۇئا قىلىپ قويىدۇ. ئۇ باشقىلارغا پايدىسى تېگىدىغان ياخشى ئىشلار ئۈچۈنمۇ خۇرسەن بولىدۇ. چۈنكى ياخشى ئىشلارنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدۇ ـ دە.

17 ـ ياخشى بالا نامازخانلارنىڭ ئەيىبىنى خۇددى ئۆزىنىڭكىدەك ياپىدۇ. بىر مۇسۇلماننىڭ كەمچىلىكىنى كۆرۈپ قالسا، ئۇنى ھېچكىمگە ئېيتمايدۇ. ئەگەر ئىلاجى بولسا، ئاشۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگە چىرايلىق قىلىپ



www.munber.org

چۈشەندۈردۇ. مۇسۇلماننىڭ خاتالىقنى باھانە قىلىپ، ئۇنى ئەيىبلەپ يۈرۈش كاپىرلارغا خىزمەت قىلىش بىلەن باراۋەردۇر.

**18** ـ ياخشى بالا ئۆزىنىڭ بۇرادەرلىرىنى قەدىرلەيدۇ. ئۇلاردىن بىرى بىلەن خاپىلىشىپ قالسا، تېزدىن يارىشىۋالىدۇ. دوستلىرى ھەققىدە ياخشى گۇماندا بولىدۇ. تۈرلۈك باھانىلەر بىلەن ئۇلاردىن ئالاقىنى ئۈزمەيدۇ. ئەگەر ئۆزى خاتاغا يول قويغان بولسا، ئەيىپىنى تەن ئېلىپ، دەرھال كەچۈرۈم سورايدۇ. ئۆز بۇرادىرىدىن ئالاقىسىنى ئۈزىۋەتكەن ئادەم ئىلىملىك بولسىمۇ، ياخشى ئادەم بولمايدۇ.

**19** ـ مۇسۇلمان بالا سەل چوڭراق بۇرادەرلىرىدىن ئۆزىگە نىسبەتەن بىرەر خاتالىق ئۆتكۈزگىنىنى كۆرسە، يېشىنى ھۆرمەت قىلىپ، ئۇنىڭغا قاتتىق سۆز قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى كەمتەر ۋە ئەدەبلىك تۇتىدۇ. ئارقىسىدىن گەپ قىلمايدۇ.

**20** ـ ياخشى بالىنىڭ چىرايى ئوچۇق بولىدۇ. ئاچچىقى كەلگەندە ئەپتىنى بۇزۇپ، چىرايىنى تۈرىۋالمايدۇ، قاپىقىنى سىلىۋالمايدۇ. ئۇنىڭ ھاياتىدا بىرەر كۆڭۈلسىز ئىش سادىر بولۇپ قالسا، ئۇ ئاللاھنىڭ تەقدىرىدىن بولىدۇ. تەقدىرىدىن نارازى بولۇش، ئاللاھقا ۋە

www.munber.org





ئادەملەرگە زەردە قىلىشقا ئوخشاش بۇنداق سۇپەتلىك ئادەمنى ئاللاھ ياخشى كۆرمەيدۇ. مۇسۇلمان بالا ئادەملەرگە تەبەسسۇم بىلەن چىرايلىق مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇ ھېچقاچان ئۇھ تارتمايدۇ. ھەرقانداق ھالەتتىمۇ ئاللاھقا ھەمدى ئېيتىپ تۇرىدۇ.

## ئۈچىنچى قىسىم

**21** ـ مۇسۇلمان بالىغا ئاتا ـ ئانىسى، ئۇستازى، بۇرادەرلىرى ياكى ياشتا چوڭلار نەسىھەت قىلسا، جىم تۇرۇپ ئاڭلايدۇ. گەپ قايتۇرمايدۇ، بەلكى ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىدۇ. جاھىللىق قىلىپ ئۆزىنىڭ بىلگىنىدە تۇرىۋالمايدۇ. مۇتەكەببىر ئادەم بولسا نەسىھەتنى ياقتۇرمايدۇ.

**22** ـ مۇسۇلمان بالا دىنىي ۋە دۇنياۋىي ئىشلىرىنى چوڭلار بىلەن مەسلىھەتلەشمەستىن قىلمايدۇ. ئۇ ئاتا ـ ئانىسىغا، ئۇستازلىرىغا، باشلىقلىرىغا ئىتائەت قىلىدۇ. چۈنكى بەگۋاشلىق ۋە ئىتائەتسىزلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا زىيان يەتكۈزىدۇ.

**23** ـ ياخشى بالا ماختانچاق بولمايدۇ. ئۇ باشقىلارغا قارىغاندا كۆپرەك نەرسىنى بىلگەن، ئوقۇغان بولسىمۇ،

www.munber.org

ئۆزىنى «تېخى ناھايىتى ئاز نەرسە بىلمەن» دەپ ھېسابلايدۇ. بەزى ئادەملەر كۆپىنچە: «مەن كۆپ نەرسىلەرنى ئوقۇغان، كۆپ نەرسىلەرنى بىلىمەن، مەن باشقىلاردىن ئۈستۈنراق» دەپ ئويلايدۇ. دائىم ئۆزىنى كۆرسەتكۈسى كېلىپ قالىدۇ. ئۇ مۇتەكەببىر ۋە ئەقلى كەم ئادەمدۇر.

**24** ـ ياخشى بالا باشقىلارنى مەسخىرە قىلمايدۇ. تىلىنى چىقىرىپ، تۇمشۇقىنى ئۈرۈپ، كۆزىنى قىسىپ ياكى قولى بىلەن ئىشارە قىلىپ ئادەملەرنى كەمسىتمەيدۇ. ھېچكىمنىڭ ئۈستىدىن كۈلمەيدۇ. باشقىلاردىن ئۆزىنى چوڭ تۇتمايدۇ. كوچىلاردا گېدىيىپ يۈرمەيدۇ.

**25** ـ ياخشى بالا ھەممە ئەھلى سۈننە مۇسۇلمانلارنى ياخشى ئىنسانلار، دەپ ھېسابلايدۇ. ئۆزىنىڭ ئۇستازىدىن باشقا ئۇستازدا ئوقۇۋاتقان باللارنىمۇ بۇرادەر دەپ بىلىدۇ. ئادەملەرنىڭ تىنچ، خاتىرجەم ھايات كەچۈرۈشىنى خالايدۇ. باشقىچە پىكىرلىك ئادەملەر بىلەنمۇ مۇرەسسە قىلىپ، چىرايلىق گەپلىشەلەيدىغان بولىدۇ. پايدىسىز تالاش ـ تارتىشلاردىن يىراق بولىدۇ. ھېچكىمگە زۇلۇم قىلمايدۇ. ئۇ ھەتتا كاپىر ئادەمنىڭ زۇلۇمغا ئۇچرىغىنىنى كۆرسىمۇ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ.

www.munber.org





**26** ـ مۇسۇلمان بالا چىدامىلىق بولىدۇ. مۇشەققەتنى سەۋر، ئىبادەت، دۇئا ۋە مېھنەت بىلەن يېڭىدۇ. بەزىلەرگە ئوخشاش ئاجىز، ئىنجىق، قورقۇنچاق، بىسەۋر بولمايدۇ. قىيىنچىلىق كېلىشىگە دوستلىرىنىڭ بىرەرى سەۋەبچى بولغان بولسىمۇ، ئۇنى ئەيىبلەپ يۈرمەيدۇ. دوستنى ئەيىبلەش ئۇياتسىزلىقتۇر. مۇسۇلمانلار بىر ـ بىرلىرىنىڭ خاتالىرىنى كەچۈرىدۇ. بىسەۋر، ئىمانى زەئىپ ئادەم بولسا، ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن باشقىلارنى قارىلايدۇ.

**27** ـ مۇسۇلمان بالا تىلىنى چىڭ تۇتىدۇ. ئۆزىنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ سىرلىرىنى ساقلايدۇ. باشقىلارنىڭ سىرىنى بىلىشكە ئىنتىلمەيدۇ. بىراۋ خەت يېزىۋاتقان بولسا، ئۇنى ئوقۇپ تۇرمايدۇ. ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئۇستازلىرى «دەپ يۈرمىگىن» دېگەن گەپلەرنى ھېچكىمگە دېمەيدۇ. بەزى باللارنىڭ ئېغىزى بوش بولىدۇ. ئويلانماستىن گەپ قىلىپ، ئۆزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. (مۇسۇلمان بالا راست گەپ قىلىدۇ، ئەمما دۈشمەندىن ساقلىنىش ئۈچۈن يالغان گەپ قىلسىمۇ بولىدۇ).

**28** ـ مۇسۇلمان بالا يۈرەكلىك بولىدۇ. كاپىر، مۇناپىق ۋە پاسىقلاردىن قورقمايدۇ. پەقەت ئاللاھتىن قورقىدۇ.

www.munber.org

ئاللاھنىڭ دوستلىرىنى دوست، دۈشمەنلىرىنى دۈشمەن، دەپ بىلىدۇ. دۈشمەنلىرىنىڭ ھىيلە ۋە زىيانلىرىدىن ئېھتىيات قىلىدۇ. ئىلاجى بولسا، ئۇلار بىلەن مۇرەسسە قىلىدۇ. دىنغا زىيان يەتكۈزىۋاتقان بولسا، ئۇلارغا قارشى كۈرەش قىلىدۇ. ئىسلام ۋە ئىماننى تىلى، مېلى ۋە بار كۈچى بىلەن، زۆرۈر بولسا جېنى بىلەن ھىمايە قىلىدۇ.

**29** ـ ئۇ ھەممە ساھەدە: ئىمان، ئىلىم، ئىبادەت ۋە ئەقىلدە كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇيغۇر، خەنزۇ ۋە ئەرەب تىللىرىنى پۇختا بىلىشكە ئىنتىلىدۇ. كومپيۇتېردا ئىشلەشنى بىلىدۇ. بەدەن چېنىقتۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىپ، جىسمانى جەھەتتىن كۈچىيىدۇ. سۇ ئۈزۈش، ئات مىنىش، ئوق ئېتىش ۋە چېلىشىشنى ئۆگىنىدۇ. بەزىدە پۇتبول ئويناپ تۇرىدۇ.

**30** ـ مۇسۇلمان بالا ئىسلامنى خەلق ئارىسىدا تارقىتىشقا ئۆز ھەسسىسىنى قوشىدۇ. ئىسلامنىڭ بىر قىسمىغا ئەمەس، ھەممىسىگە ئەمەل قىلىدۇ. چۈنكى بىزنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى سائادىتىمىز ئىسلام دىنىمىزغا باغلىقتۇر. قاچان ئىسلام دىنى كۈچلۈك، ئەزىز ۋە مۇكەممەل بولسا، بىزمۇ ئاشۇنداق كۈچلۈك ۋە ئەزىز بولىمىز.

www.munber.org





مانا، ئەزىز ئالىجانلار، شۇنىڭ بىلەن كىتابچىمىز ئاخىرلاشتى. سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا بەخت ـ سائادەت يار بولسۇن. ئىلىمگە ئەمەل قىلىدىغان ياخشى ئىنسانلاردىن بولۇپ يېتىشىڭلار. بۇ دۇنيادا بەختلىك ھايات كەچۈرۈپ، ئاخىرەتتە جەننەتكە كىرىش سىلەرگىمۇ، بىزگىمۇ نېسىپ بولسۇن، ئامىن!

www.munber.org